ۋاھىتجان ئوسمان



# ئاۋازلىق ئوقيا

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاھىتجان ئوسمان



# ئاۋازلىق ئوقيا

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەخەت سالى
مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرھات ئىلياس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئابلىز

# ئاۋازلىق ئوقىيا

(شېئىرلار)

ئاپتورى: ۋاھىتجان ئوسمان

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ جىگيەن باسما چەكلىك شىركىتى باستى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى

*

فورماتى: 1230 × 880، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 10.25
2010 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 3000
ISBN 978 - 7 - 5370 - 7819 - 1

باھاسى: 28.00 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 2870654 ,2863761(0991)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاھىتجان ئوسمان

## نەشرىياتتىن

شائىر ۋاھىتجان ئوسمان 1963 - يىلى 1 - ئاپرېلدا كەلپىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن. 1985 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە «مىراس» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2001 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. 2002 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. 2006 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە دەرسلىك تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرى 1983 - يىلى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە داستانلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. بىر تۈركۈم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىغا ئاھاڭ ئىشلەنگەن. بىر قىسىم شېئىرلىرى چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ۋاھىتجان ئوسمان ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىدە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «تېپىشماقلىق چۆچەكلەر»، «ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى» (1993 - يىلى)، «ئىبراھىم سايىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لەتىپىلىرى» (2010 ـ يىلى) شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرـ ياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

2001 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپـ لەرنىڭ ئۇيغۇرچە «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكىنى تۈزۈش، تەھـ رىرلەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئۇ ئىشلىگەن «قىرلىق ئۇستاكان»، «كېچىكىپ ئېچىلغان گۈل» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە بىر قىسىم MTV پىلاسـ تىنكىلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ تەرجىمە ۋە نەشر قىلدۇرغان تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىمـ لىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «چالىقۇشى»نىڭ VCD پىلاستىنكىسى كۆـ رۈرمەنلەرنىڭ زور ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 1990 ـ يىلىدىن ھازىرغا قەدەر يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# كىرىش سۆز ئورنىدا

ئىمىن ئەھمىدى

ھازىرغىچە بىر نەچچە كىتابقا كىرىش سۆز يازغان بولساممۇ، ۋاھىتجان ئوسماننىڭ «ئاۋازلىق ئۇقيا» ناملىق شېئىر توپلىمىغا كىرىش سۆز يېزىشقا توغرا كەلگەندە بىر دىنىلا ئىچمنى تىڭشاپ قالدىم. مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملاشقان شېئىر ئىجادىيىتىدىكى قاتمال ئۇسلۇب، بىر چاغلاردا شەكىللەنگەن شېئىر قارىشىم بويىچە ۋاھىتجان ئوسمان قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق، مەنىۋى كەڭلىك، پىكىردىكى زىچلىق، لىرىك ھېسسىياتتىكى سالماقلىق، ئۇنىڭدا يالقۇنلاپ تۇرغان پاكلىق ۋە تىلدىكى پاساھەت ئۈستىدە بىر نەرسە دېيىشىم تازا قاملاشمىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ۋاھىتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك ئىماگ، بۇ ئىماگلاردىكى رەڭدارلىق، جۇلالىنىپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشكە تازا كۆچۈم يەتمەيدىغاندەك ئىدى. مېنىڭ مۇنداق نىيەتكە كېلىشىمگە ئامېرىكىلىق ئالىم H. M. ئابراس يازغان «ئەينەك ۋە چىراغ» ناملىق كىتابتىكى بوشرىل دېگەن كىشىنىڭ: «ئۇنداقتا ئەپەندىم، شېئىر دېگەن زادى نېمە؟» دېگەن سوئالغا جونسۇن ئاتلىق يەنە بىرەيلەننىڭ: «شېئىرنىڭ نېمىلىكىگە ئۇنداق ئوڭاي جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىز نۇرنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمىز. لېكىن نۇرنىڭ زادى نېمىلىكى ھەققىدە ھەقىقىي رەۋىشتە بىرنەرسە دېيىش بەك تەس» دېگەنلەرىمۇ سەۋەب بولغانىدى.

شۇنداقتىمۇ، مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تەمگە، شېئىرىي پۇراققا، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان شائىر ۋاھىتجان ئوسمانىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىدىيىتى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئېستېتىك ئىماگىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھەممە ئادەم كۆرۈپ تۇرىدىغان، ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ئويلاپ تۇرىدىغان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ؛ ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھېس قىلىدىغان ھاياتلىق ئالىمىنىڭ دەل ۋاھىتجان ئوسمان پايدىلانغان ئېستېتىك ئىماگلار ئارقىلىق باشقىچە جۇلالىنىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ «ئەيىۇھەنناس!» دېگۈم كەلدى. يەنە دەل يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، بۇ ئىماگلار ئۆزلىرىنىڭ لايىق ئورۇنغا قويۇلغانلىقى، يېڭىدىن - يېڭى شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن تويۇنغانلىقىغا كۆرە ۋاھىتجان ئوسمانىنىڭ شېئىرلىرىدا ھېلىقىدەك ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇقنى، مەنىۋى كەڭلىكنى، پىكىردىكى زىچلىقنى، لىرىك ھېسسىياتتىكى سالماقلىقنى، مۇھەببەتتىكى پاكلىقنى ۋە تىلدىكى پاساھەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

مەيلى غەربنىڭ ئېستېتىك ئىلمى بويىچە بولسۇن، مەيلى ئېلىمىزدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئېستېتىك ئەلىمگە ئائىت ئىبارە - بايانلاردا بولسۇن، شېئىر جىمىكى سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى، شېئىرىي تۇيغۇ جىمىكى سەنئەتنىڭ جېنى.

شېئىرىي تۈيغۇ بولمىغان ئەھۋالدا مەيلى شېئىرنىڭ ئۆزى بولسۇن ياكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، كىلاسسىك سەنئەت بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل ھۈنەرنىڭ كۆرگەزمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى ئويناۋاتقان كۆز، ئېتىلىۋاتقان قاش، مىدىرلاۋاتقان بويۇن، تەۋرىنىۋاتقان كۆكرەك، ئېگىلىۋاتقان بەل ... نىڭ ھەممىسى شېئىرىي تۈيغۇ. نەزەرىيە يېقىدىن سۆزلىگەندە بۇ يەردە دەۋاتقان شېئىرىي تۈيغۇ دەل جىمىكى سەنئەتنىڭ سۇبىستانسىيەسى، يەنى ئېستېتىك ئىماگ.

ۋاھىتجان ئۇسمانىنىڭ «ئاۋازلىق ئوقيا» توپلىمىدىكى ئىماگلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنئەنىۋى ئىماگ، يەنى كىشىلەر دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان چۆل، قۇملۇق، بوستانلىق، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، تولۇن ئاي، پەرىشتە، قۇشلار، سەھرا، چىغىر يول قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن خۇددى كونا بوتۇلكىغا قاچىلانغان يېڭى مەينىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئىنسانىنىڭ رېئال ھاياتىغا ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگە بولغان كۆيۈنۈش ئوتقا ئوخشاش كۆيۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئېستېتىك ئىماگلارنى ئۆزىگە يادرو قىلغان مىسرا - كۇپلېتلاردا ياكى پۈتۈنسۈرۈك شېئىردا شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىنى كۆيدۈرگەن، ئۆزىنىڭ روھىغا ئوت ياققان مەنىۋى بۇرچ ۋە قايناق مۇھەببەت جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ خىل روھىي يالقۇن تۈپەيلى، تىپتىنچ سۇ يۈزىدە دولقۇن پەيدا بولىدۇ. ئاجىز يۈرەكلەردە قۇدرەت بارلىققا كېلىدۇ. قىش پەسلى ئوقۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مەنلەرگە باھار بىلىنىدۇ. قاقاس چۆللەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا بوستانلىققا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، خۇددى ئەنگلىيەلىك شائىر، ئوبزورچى شىدنىي ئېيتقاندەك: تەبىئەت دۇنياسى زېمىننى ئەزەلدىنمۇ شائىرلاردەك مۇنداق چىرايلىق ياساندۇرالمايدۇ. ئۇنىڭغا شائىرلار بەرگەندەك ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئويناتتىدىغان مۇنداق گۈزەل دەريالارنى، مېۋىسى مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلەرنى، خۇش پۇراقلىرى بىلەن ھەممە تەرەپنى ھىدلاپ تۇرىدىغان گۈل ـ گىياھلارنى، ئومۇمەن ئادەملەر جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بۇ زېمىننى تېخىمۇ سۆيۈملۈك قىلىۋېتىدىغان باشقا نەرسىلەرنى بېرەلمەيدۇ. ئالەم ياراتقۇچى بىزگە مىس دۇنيا بەرگەن بولسا، شائىرلار ئۇنى بىزگە ئالتۇن دۇنيا قىلىپ بېرىدۇ. شىدنىينىڭ بۇ سۆزىدىكى دەريالار، دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار دەل ۋاھىتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىدىكى دەريالار، دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلارغۇ؟ ۋاھىتجان ئوسماننىڭ قەلىمىدىكى بۇ ئىماگلار ئالدى بىلەن تىلغا جان بېرىدۇ، مىسرالارغا شېئىرىي تۇيغۇ بېرىدۇ. ھەم شائىرنىڭ ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ھەم ئوقۇرمەنلەردە زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. بۇ يەردىكى شېئىرىي تۇيغۇ كۆۋەجەپ ئىلگىرىلەيدۇ، ئاخىرى بولمايدۇ. بىردەملىك پارتلاشتەك بولىدۇ، لېكىن ئاۋازى يىراقلارغا كېتىدۇ.

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئىللىيوت مۇنداق دېگەنىدى: «شېئىر يازغىدا شېئىرىي قىياپەت بار شېئىر يازماي، شېئىرىي ماھىيەت بار شېئىرنى يېزىش كېرەك ... شېئىر بىز كۆرەلمەيدىغان مەنىلەرگە چوڭقۇرلاپ كىرگەن بولۇشى، شېئىر ئىپادىلەپ بەرمەكچى

بولغان نەرسىنى بىزگە كۆرسەتكەن بولۇشى لازىم. ئۇ شۇنداق
چوڭقۇرلاش كېرەككى، بىز ئۇنى ئوقۇغاندا كۆڭلىمىز شېئىرنىڭ
ئۆزىدە توختاپ قالمىسۇن، ئەكسىچە شېئىر كۆرسەتكەن تەرەپكە
ماڭسۇن؛ شېئىرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتسۇن.» ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى
ئېلىمىزنىڭ چىلى سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئالىم يەشي ئېيتقان:
«شېئىرنىڭ ئەڭ قالتىس يېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدىكى ئىچكى
مەزمۇننىڭ چېكى بولمايدۇ. تەپەككۇر بۇ يەردە شۇنداق ئىنچىكە
بولىدۇكى، دېمەكچى بولغان گەپلەر دېيىسمۇ بولىدىغان بىلەن دې-
مىسىمۇ بولىدىغانىنىڭ ئارىسىدا، چۈشەندۈرسىمۇ بولىدىغان بىلەن
چۈشەندۈرمىسىمۇ بولىدىغانىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. گەپ بۇ يەردە
دېيىلگەندەك قىلغىنى بىلەن، مەنە باشقا يەردە بولىدۇ. يەتمەكچى
بولغان مەنزىل ئوبرازنىڭ سىرتىدا بولىدۇ. گەپ بىر يەرگە بار-
غاندەك قىلسىمۇ، لېكىن تەسەۋۋۇر تۈگىمەيدۇ» دېگەن سۆزلەر
بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

مەيلى ئېللىيوت ئېيتقان «شېئىرنىڭ سىرتىغا چىقىش بولسۇن»،
مەيلى يەشي ئېيتقان «ئوبرازنىڭ سىرتىغا چىقىش بولسۇن»، بۇ
يەردىكى گەپ تېگى ـ تەكىتىدىن ئالغاندا شېئىردىكى مەنىۋى كەڭ-
لىك. شۇنداقلا بۇ ئەھۋال دەل ۋاھىتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرى-
دىكى ئالاھىدىلىك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ۋاھىتجان ئوسماننىڭ ئىس-
تېتىك ئىماگلىرى توپلامدىكى شېئىرلارغا غايەت زور تەسەۋۋۇر
بوشلۇقى بېرىدۇ. ئوقۇرمەن ئۆچۈن بۇ شېئىرلارنىڭ داۋامىنى ئى-
جاد قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈر-
كى، ۋاھىتجان ئوسمان ئۆز شېئىرلىرىدا ھەم ئىدراكىي ئويلىنىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەت قىلمايدۇ ھەم ھېس ـ ھاياجانىنى رەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىدراكىي ئويلىنىش بىلەن ھېس ـ ھاياجان گاھىدا دەرد ـ ئەلەم، گاھىدا قايمۇقۇش، گاھىدا تەمترەش، گاھىدا خۇشاللىق. دەل مۇشۇ ئەھۋال ۋاھتجان ئوسماندىكى خاسلىق، دەل ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق! بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا، ۋەتەنگە، ھاياتقا بولغان قايناق لىرىك ھېسسىياتىدىن ھاياجانلانماي تۇرالمايمىز.

شائىر بۇ توپلامدىكى شېئىرلىرىدا شېئىرنىڭ ئۆزى ھەققىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تارىخ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ۋە ئۆزىدىكى ئالىيجاناب ئاددىمى پەزىلەتنى ئەكس ئەتتۈردى. مەن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

2011 ـ يىلى 28 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە

ۋىجدان ئارخىپى ........................ 1
دېھقان ........................ 2
كۆك كەپتەر ........................ 3
تەكلىماكان ........................ 4
بەندە ........................ 5
چىنتۆمۈر باتۇر ........................ 7
ھىجران ........................ 9
ئۇيغۇر مەشرەپى ........................ 11
شەجەرەم ........................ 13
دەرەخ ........................ 14
ۋەتەن I ........................ 15
كۈتتۈم ........................ 17
مېنىڭلا بولساڭ ........................ 18
مەن پادىچىنىڭ قولىدىكى نەي ........................ 19
باھاردىكى زىمىستان ........................ 20
ئىنسان ........................ 21
مۇھەببەت ........................ 22
دوستۇم دېگىن ........................ 23
چىقارمەن ........................ 24

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com



ئىمكانسىز ............ 25
كۆڭۈل ئالغان ئالدۇ ئالەم ............ 26
چۈشتىكى بىز ............ 27
ئۇنتۇپ قال ............ 28
مەن شۇنداق ئەخمەق ............ 29
ۋاز كەچتىم ............ 30
قوشاقلار ............ 31
ياخشىلىق چېچەكلەيدۇ، قۇرۇمايدۇ ............ 33
سۆيمەن سېنى ............ 34
سۆگەتگۈلى ............ 35
قۇرۇق دەريا ............ 37
كۆيۈپ يۈرەر غېرىب بىر يۈرەك ............ 38
دۇنيا سىز بىلەن ئۇلۇغ ............ 45
تومارىس ............ 46
ئۇ نەرسە ............ 47
جاندىن سۆيمەن ............ 48
بىر پارچە ئوتمەن ............ 50
ئايان ............ 51
يىغلا يۈرىكىم ............ 52
ئايرىلمايلى ............ 54
باغاقلارغا بېسىلغان شېئىرلار ............ 55
يالغۇز قالدىم ............ 57
بۇ كوچىدىن بىر قىز ئۆتىدۇ ............ 58
شائىر I ............ 59

ئەسسالام يالپۇز ........................ 60
كۇلالچى ................................ 62
ئالتۇن شاخلار (داستان) ................. 64
ئاشق قز ................................ 84
سەن بار ................................ 85
سۇ ..................................... 86
شامال بالا ............................. 88
ئەجەم .................................. 89
كونا جاي ............................... 90
بر كېلپ، بر كېتمز ....................... 91
قالدۇ .................................. 92
ئەھمەد يەسەۋگە ......................... 93
بر قزچاق ............................... 94
تەنهالق I .............................. 96
ياۋا چېچەك ............................. 97
روھ يلتزى (داستان) ..................... 98
سەن كەبى ............................... 120
قۇشنڭ چۇشى ............................. 121
كەل .................................... 122
باللققا قايتقۇم بار ...................... 124
ئرادە ................................... 125
ئاۋازلق ئوقيا ........................... 126
بر تۈگمە ................................ 128
ئەقدە ................................... 130

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شائىر II ........ 132
يول بەرگىن ........ 133
سورىغىن ........ 134
شەھەر، قىز، ئەقىدە ........ 135
ساتار كۈيى ........ 137
قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۈزىدە ........ 138
ئانا ۋە مەسۇمە ........ 140
باھار، مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ........ 142
سەن بولمىساڭ ........ 143
تاش يىلتىزى ........ 144
ئاشىق نەي چالار ئاتەش نەپەستە ........ 145
سېنىڭ كوچاڭدا ........ 151
قىسمىتىم ........ 153
تۇرپان ........ 154
ئۇ چاغلاردا ........ 156
دەرد ........ 159
ئۇلۇغ بىر تىنىپ ........ 160
مەشئەل ........ 162
ئۆتكەن كۈنلەر ........ 164
سۇپرا ۋە ئاي ........ 165
ئەقىدەم ........ 168
قىزىل ئالما ........ 169
كېچە ........ 170
ھەسەل قىز ........ 172

يول بىلەن مەن ........ 173
بىر تۇپ ئۈجمە ........ 174
سۈكۈتتىكى شائىر ........ 176
پەرۋاز ........ 177
قارلىغاچ ........ 178
سىم - سىم يامغۇر ........ 179
خېنە ھەققىدە رىۋايەت ........ 181
مەھەللىدىكى بالىلار ........ 182
ئېتىزدىكى قىزلار ........ 184
قىرمىش ئاتا ........ 186
كىم ئېيتالايدۇ ........ 188
مۇھەببەتتىن ........ 189
ئىككى ۋە بىر ........ 190
قۇشلار ........ 192
ئۇيغۇر قىزى ........ 194
بىر ئاسماننى ئاتتىم ئاسمانغا ........ 196
يامغۇر دەرەختە چىچەكلىمەكتە ........ 201
قارا يۈز ........ 202
قېيداش ........ 204
پېشىل بوۋاي ........ 206
باياۋان خىيالى ........ 208
ئاشىق ھېكايىسى ........ 211
ئوتتۇنچى ........ 212
بىر تۇپ دەرەخمەن ........ 214

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



شاھ مەشرەپ ........................................ 216
ۋاقىت ................................................ 218
يالغان چىرايلار ........................................ 220
ئاشىق ................................................ 221
ئىنتىلدۇ ئازابقا يۈرەك ................................ 223
گۈلنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە .............................. 224
ئۆزىنى سۆيۈش مۇقەددەس ................................ 226
سىلەر ئۇخلاڭلار ........................................ 227
كۈتۈش ۋە ئۇزىتىش ...................................... 229
ھازىر ................................................ 230
بۇ كېچە ................................................ 232
كەلپىن بىلەن سىرداشتىم ................................ 234
شېئىر ، گۈل ، قىز ...................................... 235
سەۋدا ................................................ 237
شائىر رىۋايىتى ........................................ 239
تۇغۇلغان ئۆي ............................................ 240
قىرىق بىر يۈرەك ........................................ 241
جەرەن ................................................ 243
تاغلىق كەنتتىكى باللار .................................. 245
قىرى دەرەخ ............................................ 247
يىراقلىق ................................................ 249
مىراجخان .............................................. 250
بۆشۈك ۋە تاۋۇت ........................................ 251
سىرلىق دۇنيا ............................................ 253

بىر كۆزۈك مەندە ........................ 255
مەن ئاسمانغا ياغدىم ........................ 256
مەن ئاشىق ........................ 258
تەنھالىق Ⅱ ........................ 260
سېغىنىش ........................ 261
ئوت ........................ 262
ئانا ........................ 263
تەنھا دەرەخ ........................ 264
سائەت مۇنارى ........................ 265
تىلەك ........................ 266
بازغانچى تۇرسۇن ........................ 267
ئۈمىد ........................ 270
شائىرلىق ........................ 271
يېشىل يوپۇرماق ........................ 273
شۇنداق بىر كۈندە ........................ 274
بىر ئادەمنىڭ ئىككى ھېكايىسى ........................ 276
شېئىر بىلەن بەسلىشىش ........................ 278
تارىم بېلىقى ........................ 280
بۇ جاھان ........................ 282
جاڭگالدىكى ئەزىز ........................ 283
تاش ھەسەل ........................ 284
ئۆيىمىزدە ........................ 286
مەن ئۆيىنغان كوچىلار ........................ 287
بەلەن قىز ........................ 288

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەرەخ يىغلارمىش ........................................ 290
ئوت كېتىدۇ ماڭا بىر كۆنى ........................................ 291
مەشىق ........................................ 293
ئەللەي، چوغ ........................................ 294
سادىر ئۆڭكۈرى ........................................ 295
دەرەخنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ........................................ 296
ئۇھ تارتىمەن ........................................ 298
يامغۇردا سۆيۈشۈش ........................................ 300
ئۇيغۇر پىچىقى ........................................ 301
كەل، قارلىغاچ ........................................ 303
سەرۋاز ........................................ 304
بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ........................................ 306
ۋەتەن Ⅱ ........................................ 307
گۈلنىڭ ئاشىق پەيتىدە ........................................ 308
ئەتلەس ........................................ 309
خىلۋەت يەردە ........................................ 310

# ۋىجدان ئارخىپى

دەردلەرگە قوي خورلۇق تارتقۇزۇپ،
كىرپىكىمنى سۇغار شەبنەمدە.
ۋىجدان نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ،
ئەڭ ئاخىرقى زەررە قەترەمدە.

سەرسان بولۇپ كېتەي شامالدەك،
ئىككى دۇنيا قىلمايمەن ئەرز.
جەندىسىنى كىيىپ مەشرەپنىڭ،
باياۋانغا سالىمەن لەرز.

تەنهالىقنىڭ تەمنى تېتىپ،
دىل بىر يەمەن چۆلدە تورغايغا.
سېغىنىشلىق سالام خېتىمنى،
ئىگاھىمدىن يوللايمەن ئايغا.

يورۇپ تۇرار سۆيگۈ ئاپتىپى،
بۇلغانماستىن ۋىجدان ئارخىپى.

1990 - يىلى 10 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## دېھقان

كۆككە باقسام قۇياش ئۇزمەكتە،
شولا تاشلاپ يەرگە بىزۇۋان.
يەرگە باقسام دادام گۈرجەكتە،
شامالغا سىرداش سورۇيدۇ خامان.

تاغقا باقسام تاغنىڭ قامىتى،
نىگاھلارغا ئىلاھىي تىمسال.
تاغ كۆتۈرگەن يەرنىڭ ئامىتى،
زۇلمەت ئىچرە تارتماقتا ۋابال.

چىنارغا زور يۈكسەكلىك ئىزدەپ،
چوڭقۇر بويلاپ ئۆسۈپتۇ يىلتىز.
دادام، مەن، سەن ھەم ئۇنى كۆزلەپ،
يۈرىكىگە ئىچىپتۇ ئىتىز.

زېمىن، قۇياش دېسەم قاردىدى،
دادام كۆككە، يەرگە سىنچىلاپ.
مىننەت قىلسا ئەسلىي تەك ئىدى،
«دېھقان» دېدىم ئىچىمدە يىغلاپ.

1990 – يىلى 15 – ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# كۆك كەپتەر

تىنچلىق —
چىرايلىق دۇنيانىڭ مەڭزىدىكى خال،
بىرى كۆرۈپ لەززەتلەنگەن،
بىرى تاپالماي ھەسرەتلەنگەن.
بىرىدىن ئاشقان،
بىرىنى گۈللاپ قاچقان.
تىنچلىق —
تەقدىر كۆكسىگە تاقالغان مېدال،
بەزىدە يۇلتۇز بولۇپ چاراقلىغان،
بەزىدە ئىزدىگەنچە يىراقلىغان.
تىنچلىق —
تىنچلىقنى دانلايدىغان كۆك كەپتەر،
ئوڭغا ئۇچسا ئوڭدا بولغان،
سولغا ئۇچسا سولدا بولغان.

1990 - يىلى 5 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تەكلىماكان

ئۇ
بىر رىۋايەت بىقىپ باغرىدا،
شولىغا بوي بەرمىگەن چوڭقۇر.

ئۇ
تامام تەڭرىنىڭ كۆڭۈل جەۋھىرى،
ئۆلۈم يارىتىپ ئۆزى بويسۇنغان.

ئۇ
ئالتۇن بېلىق تۇتقان بېلىقچى،
تاشلىۋېتىپ كەتكەن غېرىب تور.

ئۇ
كۆكنى بويلاپ يىلتىز تارتقان،
غولى يەردە كۆكلىگەن دەرەخ.

1990 - يىلى 7 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## بەندە

— دادامغا بېغىشلايمەن

ياشاپ كەلدى ساددا ۋە پاكىز،
بادام دوپپا كيىگەن بۇ ئەركەك.
زەردىسىدىن يانمىدى ھەرگىز،
يىلتىزىغا بىخلىتىپ يۈرەك.

كەچمىشنى قىلمىدى چۆچەك،
تۆن قويندىن ئىزدىدى قۇياش.
كۆز نۇرىدا سۇغاردى چېچەك،
كۆكلەم بىلەن بولۇشۇپ ئاداش.

بەش بالىنى ئۇچۇردى قۇشتەك،
ئۈمىدىدىن ياساپ پەر ـ قانات.
نەپسىدە چېلىندى پۇشتەك،
ئۆز بۇرچىدىن بالقىدى سۇبات.

يىلىكنى بەردى سۇغۇرۇپ،
ئۆن ـ تىنىشسىز باغرى — جىگەرگە.
تۇرۇپ بەردى ئاپتاپتەك يورۇپ،
ئوخشاپ گويا سىرلىق گۆھەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇچراتقانمۇ ئايدڭدا خزر ،
بادام دوپپا كيگەن بۇ ئەركەك.
مۇرۇۋۋەتنى مەڭگۈ تۇتۇپ سر ،
سالغانمكن بزگە ئوت*يۈرەك.

1990 ـ يىلى 6 ـ نويابىر ، ئۈرۈمچى

# چىنتۆمۈر باتۇر

چۆچەك ـ قىسسە تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن
تۇغقان ئىمىش ئۇنى ئانىسى
بۇ تۇپراققا قىلىپ سەدىقە.

ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى بېرەلمىگەن
ئۇچقۇر ئېتىنى سەن بەرگەن.
كاپ ـ كاپ كۆچۆكنى ئۇ بەرگەن،
مىسران قىلىچنى مەن بەرگەن.

ئۇ كېتىپ قاپتۇ بىزگە خوش دېمەي،
قەيەرلىكى نامەلۇم جايغا.
كەتمەكنىڭ كەلمىكى بار ئىدى بىزدە،
كېلەلمىدى
كىرىپ قالدىمۇ
كەتسە ھەرگىز كېلەلمەس يولغا.

ئانامدىن تولا ئاڭلىغانىدىم،
ئۇ تاغقا قوشۇلۇپ كېتىپتىمىش
تاشقا ئايلىنىپ.
ئۇ دېڭىزغا قوشۇلۇپ كېتىپتىمىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ياشقا ئايلىنىپ.
ئۇ
ئىمتاس ئۇخلاۋېتىپتىمىش
چۆلگە ئايلىنىپ.
ئۇ
چەمبەرگە قوشۇلۇپ كېتىپتىمىش
نۆلگە ئايلىنىپ.
ئۇ
يەرگە سىڭىپ كېتىپتىمىش
يورۇققا ئايلىنىپ.
ئۇ
جىمى بوزغا تېرىلىپتىمىش
ئۇرۇققا ئايلىنىپ...
مىش ـ مىش پاراڭ
دوقمۇشلاردا يۈرمىگىن تېنەپ.
ئۇ كېلەر قويۇندەك ئايلىنىپ بىر كۈن،
كېتەر قويۇندەك ئايلىنىپ بىر كۈن.

1992 ـ يىلى 10 ـ ماي، ئۈرۈمچى

## ھىجران

قۇياش ئەسلي ئىلاھي يۇرەك،
تىلسىملانغان چەمبەر ئىچىگە.
بىر ھىجراننىڭ ئازاب - دەردىدە،
كۆيۈپ - كۆيۈپ چاقناپ تۇردۇ،
ئوت يىلتىزى بىخلاپ كەتكەن يۇرىكىگە،
مېنىڭ قەلبىمدەك.

قاراپ تۇرساڭ بەزىدە،
ئورمانلىقتا مۈگدىنىپ ياتار،
بەزىدە تاغ كەينىگە ۋۇجۇدى پاتار،
بەزىدە دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتار،
خۇددى مېنىڭدەك.

ئورمانغا كىرسە،
دەرەخ، قۇشلارغا بۇرچى ئاقلىنار،
تاغ كەينىگە مۆكۈنسە،
سۆيگۈنىڭ داستانى يادلىنار،
دېڭىز باغرىغا چۆمۈلسە،
ئەقىدىنىڭ نۇرى پاكلىنار،
لېكىن ئوتى ئۆچمەس،
مېنىڭ باغرىمدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ھجران ــــ
پاكلاپ تۇرار ھەممە نەرسنى،
ساقلاپ تۇرار ھەممە نەرسنى.

1992 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى



## ئۇيغۇر مەشرىپى

تومۇر بولۇپ ئېشىلگەنمۇ ئانا دەريا،
مەشرەپ سورۇنىدىكى ھەربىر يۈرەككە.
سادانى ياراتقان خىسلەت ئېگىسى،
قېتىلىپ قالغانمۇ ئوخشاپ غۇنچەككە.

قولدا چېكىلگەن داپمۇ ـ قۇياشمۇ؟
زېمىن چوغلاندى، ئاھ يۈرەك كۆيدى.
تاغلار دۈگجۈپ كېلىپ سورۇنغا،
مەشرەپ ئەھلىنى تىزلىنىپ سۆيدى.

غۇژمەك ـ غۇژمەك يۇلتۇز چېچەكى،
«چېكىتمە» ئورنىدىن ئېچىلدى يارقىن.
ساما يولىغا ئايلاندى مەيدان،
مەستانىيار خەۋەرنى قۇياشقا ئېيتقىن.

ئۇ كەلسە پات كەلسۇن ئۇشبۇ سورۇنغا،
ساقلاپ تۇرايلى بىز مەشرەپ ئەۋجىنى.
قەلب ئېقىندا يامرىسۇن توپان،
پاكلاندۇرۇۋالسۇن ھەممە ۋەجنى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەشرەپ سورۇننى بۇزماستىن ئۇلار،
باشلاپ بارسۇن جىمى تەرەپكە.
دۇنيانى قايتىدىن قۇرۇپ چىقسۇن ئۇ،
بەئەينى ئوخشىتىپ بىزنىڭ مەشرەپكە

1992 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست، مەكىت



## شەجەرەم

بۆرىدىن تۆرەلدىم
ئۆڭكۈرلەرنىڭ قەلبىدە قالدى،
قايناپ تۇرغان ئوتلۇق مۇھەببەت.

دەرەختىن تۆرەلدىم
چېچەكلەرنىڭ ئارمانلىرىنى،
تۇقۇۋالدىم گۈزەل رىۋايەت.

تۇپراقتىن تۆرەلدىم
جەننەت بىلەن ۋەيلۇن تېمىنى،
ۋۇجۇدۇمغا قوپاردىم رەت - رەت.

تومۇردىن تۆرەلدىم
دالا كەزدىم پەسىل ئايرىماي،
ئەپسۇسلاردىن چېچەك دەستىلەپ.

1992 - يىلى 28 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## دەرەخ

يېگانە
ئەجەل كۆتۈپ ئولتۇرغان چالدەك،
مۆگدەپ تۇرار ئاشۇ بىر دەرەخ.
قاقشال شاخلىرى يېرىم يالىڭاچ
تەركىدۇنىيانىڭ جۇل - جۇل ئەڭلىدەك.
يىتكەن ئىپسىدىن يېشىل رەڭ تۆكەل،
يىراقتىن ئۆتكۈنچى قۇشلار ئاۋازى
ئاڭلىنار ئۇنىڭغا قۇتلۇق ۋەھيىدىن.

1992 - يىلى 30 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



## ۋەتەن I

ۋەتەن —
ئىلاھ تۇغۇپ قەرنىدىن ـ قەرنە،
جەۋھىرىنى بېرىپ چوڭ قىلغان.
يۈكسەكلەرگە چىقىرىپ ئۈنى،
تەلىيىنى مەڭگۈ ئوڭ قىلغان،
ئىلاھلارنىڭ بۈيۈك ئانىسى.

ۋەتەن —
خۇشاللىق ـ قايغۇنىڭ ئارىلىقىدا،
ئېقىپ تۇرغان بىر ئەزىم دەريا.
يۈرىكىگە دەرد ـ ھەسرەت يىغىپ،
ياخشىلىقنى ياراتقان دۇنيا،
شۇڭا دەيدۇ ھەممىزنى يۈرەك پارىسى.

ۋەتەن —
يەلكىسىدە بىزنى كۆتۈرۈپ،
بوشلۇقلارغا ئورۇنلاشتۇرغان،
تىنىقىدا ماكان ـ زامانىنى
بىر ـ بىرىگە چىڭ تۇتاشتۇرغان،
يۈكسەكلىكنىڭ بۈيۈك شوتىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ۋەتەن —
يۇركى تاغ، باغرى سىرلىق باغ،
تومۇرى دەريا، كۆزلىرى جەننەت،
قەھرى جەھەننەم، خۇيى كۆك ئاسمان،
قوللىرى لوقمان، سۆزلىرى ھىممەت،
بارلىقلار ئىچىدىكى مۇقەددەس بارلىق.

1992 ـ يىلى 6 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى



## كۈتتۈم

تاڭ تال ـ تال نۇر تۆككەندىن باشلاپ،
تۇن ھۆسنىنى زارىقىپ كۈتتۈم.
يۇلتۇز چىقتى كۆككە چېچەكلەپ،
سەن چىقمىدىڭ يەنە ياش تۆكتۈم.

خىلۋەتىمگە سىغماي ئىزتىراپ،
دەرد قالدۇردۇم دەردىمگە يۆگەپ.
تولۇن ئاينىڭ ئاپپاق نۇرىدەك،
ئاقتى ئىشقىم تەرەپمۇتەرەپ.

دەردتىن پۈتسە سۆيگۈ بەدىلى،
تىڭشا يىغلاپ تۇرغان تىلەكنى.
بۇنچە قىين قىلغۇچە كۆڭلىنى،
ئېلىپ كەتكىن مەندىن يۈرەكنى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مېنىڭلا بولساڭ

ئەگەردە سەن مېنىڭلا بولساڭ،
شەكسىز مېنىڭ بولاتتى ئالەم.
ئازابىڭنى مەي دەپ ئىچەتتىم،
ئۆز قولۇڭدا تولسا پىيالەم.

مەھەللەڭگە ئىشقىمنى چىچىپ،
ساڭا تالىق بېھىش سالاتتىم.
يۈرىكىمدىن چىراغ ياندۇرۇپ،
تۈنلىرىڭگە مەشئەل ياقاتتىم.

قارىچۇقۇمنى كۆز مونچاق قىلىپ،
بويلىرىڭغا قوياتتىم ئېسىپ.
قۇچىقىڭغا سىڭىپ كېتەتتىم،
كەتكەن كەبى چوغ چوغقا سىڭىپ.

1993 – يىلى 4 – سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# مەن پادىچىنىڭ قولىدىكى نەي

مەن پادىچى تازەكىنىڭ قولىدىكى نەي،
ئىلاھىي بىر جان ياتار تېنىمدە
پاراغەت سوزۇپ تەرلەپ ـ تەپچىرەپ.

مەن پادىچى تازەكىنىڭ قولىدىكى نەي،
باياۋاننىڭ ئەڭ تەنها چاغلىرىدا
تەڭشىۋالىمەن مىجەزلىرىمنى.
ئاھ باياۋان،
تەڭرىنىڭ قەلبىگە ئوخشايسەن ئەينى،
ئەگەر ئۆتكۈنچى مەلىكە كېلىپ
كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ تازەككە
باشلاپ ماڭسا شەھرىگە ئۇنى،
ئېلىپ قالارسەنمۇ باغرىڭدا مېنى؟

مەن پادىچى تازەكىنىڭ قولىدىكى نەي،
باياۋان بورىنىنى يەپ ئۇنۇم پۈتمەيدۇ.
ئۈنلەپ تۇرغۇم بار مۇشۇ يەردىلا،
چۈنكى خۇلقۇم ـ مىجەزىم ھامان
باشقا يەرلەرنىڭ ئىقلىملىرىغا
ماس كەلمەيدۇ!

1993 ـ يىلى 12 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## باھاردىكى زىمىستان

گۈل بىلەن گۈل چېچەك سۇنۇشار،
دەريا ئاقار ئۇيناپ ـ ئەركىلەپ.
كۆز بىلەن كۆز چاقناپ قېنىشار،
مەن يۈرۈيمەن دەردلىرىم ئۆرلەپ.

مايقوڭغۇزى يۈرەر ئۆمۈلەپ،
ئۇچار ئەركە باھار شاملى.
كۆزۈمگە ياش تولار لۆمۈلدەپ،
ئايرىلىشنىڭ يالماپ زاۋىلى.

باھار دېسە كۆيگەن بۇ يۈرەك،
مۇز كۆكسىدە سوقىدۇ مۇزدەك.
زىمىستاندا چەيلەندى پورەك،
كۆز ياشلىرىم ئاقتى يۇلتۇزدەك.

1993 ـ يىلى 16 ـ سىنتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئىنسان

دۇنيا نەپسى توختىماس ھامان،
شۇڭا ئۇلىنار زامانغا زامان.
تۇغۇلغانلارنىڭ بارى يولۇچى،
ماڭىدۇ ئۆلۈم مەنزىلى تامان.

بار شۇنداقمۇ بىر ئۆلۈپ كەتكەنلەر،
ئۆلۈم ئالدىدا كۈلۈپ كەتكەنلەر.
بولمامدۇ تىرىك روھىغا يۆلەك،
ياخشى - يامانني بىلىپ كەتكەنلەر.

ئىزدە ئەي ئادەم پاك ئەقىل، ۋىجدان،
دۇنيا ھەممىگە بېرىدۇ ئۇنۋان.
مەيلى بول گاداي ۋەياكى خاقان،
ياخشىلىق ئۈچۈن يارالغان ئىنسان.

1993 - يىلى 8 - نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مۇھەببەت

تاشلار ئېرىيدۇ ئۇ چىققان تاغدا،
ئوت چېچەكلەيدۇ ئۇ تۇرغان مۇزدا.
ئادەم ئادەمگە تامىدۇ سۇدەك،
قانات كۆكلەيدۇ كۆكتە يۇلتۇزدا.

سەرسان بولسا ئۇ دۇنيامۇ سەرسان،
زېمىننىڭ ئۈستى ھەم ئاستى ھازا.
كىرىپ كەتسىمۇ ئەخلەت قوينىغا،
چاقناپ تۇرىدۇ گۆھەردەك تازا.

1993 - يىلى 4 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

## دوستۇم دېگىن

ئەلەم دەۋەپ تۇرسا بېشىڭدا،
ھەسرەت بالقىپ تۇرسا يېشىڭدا،
مۇڭۇڭغا مۇڭ قوشسا قېشىڭدا،
دوستۇم دېگىن — قەدىناس دېگىن.

سۆزى بولسا كۆڭلۈڭگە لايىق،
سانىسا ئۇ دوستلۇقنى بايلىق،
بولمىسمۇ ئايۋان سارايلىق،
دوستۇم دېگىن — قەدىناس دېگىن.

كۆڭۈل ئىزدەپ بولسا كۆڭۈلچەك،
قىلىقلىرى بولمىسا پۇچەك،
بىر سۆزىدە كۈلسە ئون چېچەك،
دوستۇم دېگىن — قەدىناس دېگىن.

1993 - يىلى 29 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## چىقارمەن

مېنى ئۇتتا كۆيدۈرسەڭ ئەگەر،
قەقنۇس بولۇپ ئۇچۇپ چىقارمەن.
دەريالارغا تاشلىساڭ باغلاپ،
قاشتېشىدەك يورۇپ چىقارمەن.

يەرگە تىرىك كۆمدۈرسەڭ ئەگەر،
يۇلغۇن بولۇپ ئۈنۈپ چىقارمەن.
يۈرىكىمنى بېغىشتىن ئۈزسەڭ،
روھىمدا مىڭ كۈلۈپ چىقارمەن.

ئىتتىرسەڭمۇ زۇلمەت قوينىغا،
ئايغا ئوخشاش تولۇپ چىقارمەن.
يەتتە دوزاخ قېتىدا بولسا،
دىلبىرىمنى يۈدۈپ چىقارمەن.

1994 - يىلى 16 - ماي، ئۈرۈمچى

## ئىمكانسىز

كۆزۈم كۆرمەسكە ئىمكانسىز،
ۋۇجۇد كۆيمەسكە ئىمكانسىز.
پايانسىزدۇر تىلىم دەردى،
دىلىم سۆيمەسكە ئىمكانسىز.

سېنى ھەر جايدا ئۇچراتماق،
دىمەككى غەمگە غەم قاتماق.
ئىچىم دەرياسىدۇر ياشىنىڭ،
يۈرەك كۆيمەسكە ئىمكانسىز.

يوقاتتىم ئىختىيارىمنى،
ئويۇڭ باستى خىيالىمنى.
ئىچىمدىن ئۆرلىگەن ئاھنى،
ھوشۇم بىلمەسكە ئىمكانسىز.

ماكان بولدى تېنىم دەردكە،
ۋىسالى يوق مۇھەببەتكە.
كۆرەلمەي شەپقىتىڭ ئاخىر،
مەن ئاھ! ئۆلمەسكە ئىمكانسىز.

1994 - يىلى 23 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كۆكۈل ئالغان ئالىدۇ ئالەم

سۆيگۈگە لىق كۆڭۈل پىيالەم،
تۇتتۇم ساڭا ئال ئاپپاق لالەم،
ئادەم بىلەن كۆڭلىرىم ئايەم،
كۆڭۈل ئالغان ئالىدۇ ئالەم.

يۇلتۇزۇمسەن كۆككۆمدە يانغىن،
شەربىتىڭمەن ئوتلىغىن ـ قانغىن،
خۇشلۇقۇڭمەن كۈلگىن ـ شادلانغىن،
كۆڭۈل ئالغان ئالىدۇ ئالەم.

قۇچىقىڭغا گۈلدەستە بولاي،
دەردىڭنى بەر باغرىمغا ئالاي،
ھەۋەس بىلەن بىزگە باقسۇن ئاي،
كۆڭۈل ئالغان ئالىدۇ ئالەم.

بولسا نىيەت دەرياسى سۈزۈك،
يامانلارنىڭ نەپسى ئۈزۈك،
مېھر بىلەن بۇ دۇنيا تۈزۈك،
كۆڭۈل ئالغان ئالىدۇ ئالەم.

1994 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## چۈشتىكى بىز

چۈشۈمدىكى سەن بۈگۈن ئاخشام،
ئىقسپ كەلدىڭ سۇدەك مەۋج ئۇرۇپ.
چۈشۈڭدىكى مەنمۇ بىتاقەت،
ئىرىپ كەتتىم سۇغا قوشۇلۇپ.

مىڭ يىلغا تەڭ بىر يىل ئىچىدە،
سەنمۇ تارتتىڭ دەردىنى زىيادە.
دىشۋارچىلىق دەشت ـ چۆلدە،
مەنمۇ يۈردۈم سەرسان، پىيادە.

مۇھەببەتنىڭ ھىجرانى شۇنداق،
گاھى تاتلىق، گاھ ئاچچىق ئازاب.
شۇنى بىلگىن، بۇ كۈننى كۆرمەي،
بۇ دۇنيادىن كەتكەن يوق ئۇزاپ.

1994 ـ يىلى 8 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئۈنتۈپ قال

ئاسان بولسا مېنى ئۇنتۇپ قال،
مەن ئۇنتۇماي ياشاي ئەبەدكە.
خۇشاللىقنىڭ مەزگىلى چاغلىق،
كۆنۈپ قالدىم لەززەتلىك دەردكە.

باياۋانغا قۇم كېلەر – كېتەر،
چۆللەردە چۆل ئۇپۇق تۇغار.
كۆز يۇمسىمۇ سۆيگۈ بۇلىقىم،
ياشلىرىمدىن يايىمەن باھار.

يانار قەلبىم ئوتتۇك تەپتىدە،
قىينالسامۇ ئوتنى ئالغۇم يوق.
ئاسان بولسا مېنى ئۇنتۇپ قال،
مېنىڭ زىنھار ئۇنتۇپ قالغۇم يوق.

1994 – يىلى 12 – دېكابىر، ئۈرۈمچى

## مەن شۇنداق ئەخمەق

مەن شۇنداق ئەخمەق
قۇياش بىلەن سىرداشقان دەمنى
ئۆزۈمدىكى گۆھەرگە ساتقان.
ھاپاش بولۇپ تەتۈر دولقۇنغا
دېڭىزلاردىن بۇلاققا قايتقان.

مەن شۇنداق ئەخمەق
كۇھقاپقا ھەيدەپ كۆلكىنى
ھازا قوشقى ئېيتىشقا ئامراق.
كېلەچەكنىڭ باھار ئېيىنى
ئۆتكەن قىشقا دادلاشقا مۇشتاق.

مەن شۇنداق ئەخمەق
ئۆلۈشۈم كېرەك
يەرلىك تۇتۇپ قۇياش باغرىدىن.
تۇغۇلۇشۇم كېرەك
قەدىمكى زاماننىڭ تۇنجى كۆنىدىن.

1996 ـ يىلى 11 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

كىتاب ئۇيغۇر ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



## ۋاز كەچتىم

ۋاز كەچتىم ئۆزۈمدىن
قاڭقىپ چىقىپ، قۇشلار دىلىدىن.
يىراقلىشىپ كېتەي ئورمانغا
كىرىپ قالغان چەمبەر شەكلىگە
ئادەملەرنىڭ مەھكۇم تىلىدىن.

ۋاز كەچتىم
رىتىم بويلاپ ماڭغان قەدەمدىن.
قۇرتقا ئوخشاش مىدىرلاپ تىنماي،
تىپىپ يېگەن مىڭ تەكرار تەمدىن.

ۋاز كەچتىم
سۈكۈت تورلاپ كەتكەن خانەمدىن،
خىياللارنىڭ دوقمۇشلىرىدا
مېنى ساقلاپ تۇرغان ماتەمدىن.

1994 ـ يىلى 16 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

## قوشاقلار

يەرگە تېرىپ ئورۇۋالغاندەك،
شامالغا سېلىپ سورۇۋالغاندەك،
ئۆگۈت ئېتىپ ئىلغىۋالغاندەك،
قوشاقچىلار دان ـ دان قوشاقنى.
قىسمىتىگە توقۇۋالغاندەك،
دىل كۆزىدە ئوقۇۋالغاندەك،
ئالتۇنچىدا سوقۇۋالغاندەك،
ئازغاشتۇرۇپ سۇقۇۋالغاندەك،
قوشاق مېۋىلەر خىسلەتلىك شاخنى.

ئۇ گۈلخانىمىش
قەھرىتان پۈۋلەپ ئۆچۈرەلمەس.
بۈيۈك بىر تاغىمىش
بوران يۈدۈپ كۆچۈرەلمەس.
ئۇ تۈزمىش
بار ھەممە ئۆينىڭ تۆشۈكىدە.
ئۇ ئىشقىمىش
چاقنايدىغان ھەممە دىلنىڭ بۆشۈكىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لوپنور كۆلى قۇرۇپ كەتسمۇ،
ئۇ تولغانمىش كۆلگە لىققىدە.
روھلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرارمىش،
يۇيۇنۇپ ـ تويۇنۇپ ھەر دەققىدە.
قانچىلىك بولسا تارىمنىڭ قۇمى،
شۇنچىلىك دەپ بىلەيلى ئۇنى.
قۇم كۆچكەندەك بارخان ـ بارخان،
ئۇ كۆچۈپ تۇرارمىش دىلدىن ـ دىلغا،
كۆزدىن ـ كۆزگە كۆچكەندەك قاياش.
ئۇ سالارمىش دۇنيانى ئويغا،
باھارغا گۈزەللىك بەرگەندەك قۇياش.

1994 ـ يىلى 20 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى



# ياخشىلىق چېچەكلەيدۇ، قۇرۇمايدۇ

بىر ياخشى، بىر ياماندىن نامىڭ قالار،
نامىڭدىن ئەۋلادلىرىڭ مىراس ئالار،
بىلگىنىڭكى بىزدە شۇنداق ھېكمەتلەر بار:
ياخشىلىق چېچەكلەيدۇ، قۇرۇمايدۇ.

ئامەتتىن دەريالىرىڭ تاشقىنىدا،
بەختتىن يۇلتۇزۇڭ نۇر چاچقىنىدا،
ئازغاشماي ياخشىلىقنىڭ بول يېنىدا،
ياخشىلىق چېچەكلەيدۇ، قۇرۇمايدۇ.

ناخشىسەن تالايلارنىڭ تىللىرىدا،
نەقشىسەن تالايلارنىڭ دىللىرىدا،
ئارمانسەن بۇ ھاياتنىڭ يوللىرىدا،
ياخشىلىق چېچەكلەيدۇ، قۇرۇمايدۇ.

بىر ئالتۇن بۆشۈكتۇر ئەل ئارىسى،
ياخشىغا ھەمراھتۇر ئەل بالىسى،
غاپىللىق تاپىدۇ دىل يارىسى،
ياخشىلىق چېچەكلەيدۇ، قۇرۇمايدۇ.

1994 - يىلى 8 - ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## سۆيىمەن سېنى

ئەسلەپ تۇرۇپ سۆيىمەن سېنى،
كۆز يېشىمدىن چېچەكلەر يۇلتۇز.
يىغلاپ تۇرۇپ ئەسلەيمەن سېنى،
تۈنلەر بويى تولغىنىپ يالغۇز.

زارىقىشتا كۈتىمەن سېنى،
ئارمىنىمغا كىم سالدى داۋان؟
شۇنداق ئەسلەپ ئۆتىمەن سېنى،
يۈرەك يېشىم دەريادىن راۋان.

بار ئاۋازدا چاقىردىم سېنى،
يېشىل كۆكلەم — بوستان بولۇپ كەل.
يىراق تۇرۇپ ئۆلتۈرمە مېنى،
مۇھەببەتكە داستان بولۇپ كەل.

1995 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## سوگەتگۇلى

ياراشقاندەك زەر تاج خانىشقا،
بۇ ھويلىغا بەكمۇ سىغىپتۇ.
يوپۇرمىقى تومۇر كۆك رەڭدە،
غۇنچىلىرى چولپان تۇغۇپتۇ.

موماي بىلەن كۈندە تەك كۆلۈپ،
ئەتراپىغا يېيىپتۇ كۆكلەم.
بىر كۆگۈلنى قىيقاسقا سېلىپ،
يورۇتۇپتۇ سەھەردەك ھەردەم.

قايسى زامان، قايسى ئۇدۇمدا،
ئۇ چىققاندۇ سوغا تەشتەككە.
بەلكى كېرەك بولغان گۈللىرى،
بېرىش ئۈچۈن تويغا — مەشرەپكە.

ئۇ ھويلىغا ئۈنگەندىن باشلاپ،
موماي بولغان ئۇنىڭ بۇلبۇلى.
ئىشتىياقىنىڭ بولماس قىلىپى،
بۇ مېھرىنىڭ يەنە بىر يولى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



موماي بىلەن كىرىدۇ بىللە،
ئۇ ھەر يىلى قىشلىق سارايغا.
بىللە تۇرۇپ روجەك تۆۋىدە،
بويلايدۇ ھەم ئاخشىمى ئايغا.

نەدە كۆرسەم قىلىمەن ئۇنى،
ئۇيغۇر ئۆيىگە بەلگە ـ بېشارەت.
بىر سۆيگۈنى شەپەققە ئوراپ،
بىز بىلەن تەڭ ياشارسۇن ئەبەت.

1995 ـ يىلى 8 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى



# قۇرۇق دەريا

يېشى قۇرۇپ كەتكەن دەريا
يىغلاپ ـ يىغلاپ.
ئۈنى پۈتۈپ كەتكەن تۈگەل
توۋلاپ ـ توۋلاپ.
ئەنسىزلىشىپ كەتكەن بويى
شەيتان ئۇۋىلاپ.
يوچۇن شامال ئاقار ئۇندا
ھۇۋلاپ ـ ھۇۋلاپ.
بۇ شۇنداق دەريا
تىرىكلەرنىڭ ئېسىگە كەلمەس،
كېلەچەكنىڭ چۈشىگە كىرمەس.

1996 ـ يىلى 20 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


## كۆيۈپ يۈرەر غېرىب بىر يۈرەك

### 1

پېشانەڭ شۇ، كۈنۈڭ ئۆتىدۇ،
بىساتىڭدا بىر ئىككى بولماي.
دىشۋارچىلىق ئامەتلىرىڭدۇر،
ئىزدەپ تۇرار سېنى ئۇنتۇماي.
بىرنى كۈلسەڭ، بىرنى يىغلايسەن،
پەسلىڭدە بار قار بىلەن يامغۇر.
تارلىرى ۋىسال تېپىشسا،
ئايلانمامدۇ كۆسەيگە تەمبۇر؟!
ئىزدەپ كېلىپ بىرنى سۆيگەن يار،
ئىزدەتكۈزەر ئىككىنچىسىگە.
ھەر يىلىنىڭ مۇشۇ ئېيىدا،
ئۇچرىشىمەن شۇنداق كىشىگە.
كۆكلەپ تۇرغىن ئۈمىد چېچىكى،
مەيلى ئېچىل بىر ئىككى بولماي.
ئىرادەمگە بەر سىلىق نەپەس،
جۇدۇندىمۇ مۈگدىمەي ـ سولماي.

2

غەرىزىمگە ئۇرۇلار نەشتەر،
يىقىنلاشسا كۆزۈمگە زاۋال.
كۆزدە كۈلۈپ، ئىچمىدە يىغلاپ،
يۈرىكىمگە قىلىمەن ئۇۋال.
ئاچچىق قۇلاق ئوراپ چىكمەن،
بۇرادەر يوق ئۈلپەتلەشكۈدەك.
شۈكرىم تېخى ئۈياقتا تۇرۇپ،
بۇ كۆنلەرمۇ ۋىدالاشقۇدەك.
مىزانلىرىم داشقايناقلاردا،
قىسماق بولۇپ كەتمەكتە كۆيۈپ.
تىرىكلىكتە چۈشىنىڭلارچۇ،
مەن نېمىنى كەلگەنتىم سۆيۈپ.
غاپىللىققا ياندىشار تىلىم،
بىر كەلىمە كالامدىن كېيىن.
جۇنۇن، لېكىن توشقان يۈرەكمەن،
ئۇۋا بېقىپ ئۇخلايدۇ سىرىم.

3

تەرك قىلىپ تەركىدۇنيانى،
چۆلنى تاشلاپ بەردىم ئاھۇغا.
ساپايىنى توغراققا ئاستىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


كەلسە كىملەر چالسۇن «ياھۇ»غا.
يامغۇر سۈيى — قۇم نېسىۋىسى،
قان يۇگۈرتسۇن يۈلغۇن ھوسنىگە.
جۇغلانغانكەن مېنىڭ نېسىۋەم،
ئاتەش تىنىق دوستلار كۆكسىگە.
ماڭا بەكلا ئامراق ئىكەندۇق،
مەھەللەمنىڭ كونا قۇشلىرى.
ئادەملىككە باشلاپ كىرگەنكەن،
يارەنلەرنىڭ ئالتۇن چۈشلىرى.
يېقىن تۇرساق رەھمەتلىكلەرگە،
روھى يۆلەپ تۇرار پات ـ پاتلا.
تىلىكىگە يېتەركەن ئادەم،
سىر ئېيتمىسا ئەگەر ياتلارغا.
ئورۇن راسلاپ بېرىڭلار ماڭا،
بىر ئېغىناپ ئۇخلاي سۇپىدا.
ۋۇجۇدۇمنى بىر يۇيۇندۇراي،
ئارمانلىرىم ياتقان تۇپىدا.

4

بىز ئايرىغان ئىككى قۇتۇپنىڭ،
بىرى كاككۇك، بىرىدۇر زەينەپ.
ھىجران تولغان قەدەھتە تۇرار،
بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت تەگلەپ.

سزنق بلەن ئايرلغان دۇنيا،
پارچلانغان ئادەمدەك ياتار.
شۆھرەتپەرەس ئەسەبي بری،
يۈركنی بىرگە ساتار.
چەكسزلىكنىڭ چېكگە بىرپ،
ئۆچۈرتكۈزسەك كونا سزنقنی.
ھەممەيلەننىڭ باغرىغا سالساق،
بىر تەگرىدىن ئىبلىپ قىزنقنی.
قايتا كەلسە نوھنىڭ كېمسی،
سۇلايماننىڭ قۇشنی بىسپ.
قۇش تلدا سۆزلسەك ئەمدی،
كونا گەپلەر كەتسۇنچۇ سىسپ.

5

ئاپتاپ يىگەن توغراق قوۋزىقی،
يوپۇرماقتىن ھەسسە كۆرۈمسز.
سەن زارىقىپ سىغىنغان سەھەر،
قۇچاق ئاچماس ئەسلا گۇگۇمسز.
قسلىقدىن ئەگگۈشتەر قىممەت،
كۆپلۈكىدىن تاشنىڭ نەرخی پەس.
ئەسلەپ باقساڭ كونا چۈشلەرنی،
يىغلاپ يۈرەر ھجراندا ھەۋەس.
سادا ئىزدەپ يىرىلىك تاغدىن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چىرىدىمۇ ئاتنىڭ باشبېغى؟
قاشتېشىنى قىلدىمۇ قارا،
سايە تاشلاپ باغرىڭنىڭ دېغى.
بىزلەر كىمدىن تىلىدۇق تىلەك،
ئېزىپ قالدۇق قايسى چۆللەردە.
مەھەللىمىز ئەسلىي تىلسىمات،
ئاچقۇچى بار جىمى ئۆيلەردە.

6

بۇلۇت سايە تاشلىدى سايغا،
بىلەي تاشقا سۇ سەپتى سەلكىن.
خامانلىققا خام كەلگەن ئەنجۇ،
چۈشلىرىدە نېمە كۆردىكىن؟
تۇمۇچۇققا ئۆگەتكەن قوشاق،
لەيلەپ تۇرار تېرەك بېشىدا.
كۆيۈپ يۈرەر غېرىب بىر يۈرەك،
ئوتنى پۈۋلەپ ئىچى ـ تېشىدا.
ئەينەك مۇزنى چۈشكەن جانان،
قاشتېشىنى باسار كۆكسىگە.
تاغدا بۇركۈت تېنەپ يۈرەرمىش،
قانات ئىزدەپ قانات ئۈستىگە.
چىداشقىلا يارالغان مەنمۇ،
قانائەتنىڭ قۇلۇپىن چاقماي.

تاشلىساڭلار دەرياغا ئەگەر
يۇرىمەنغۇ لەيلىمەي، ئاقماي.

7

سىنى ئىزدەپ كەلگەندە قۇياش،
بەلكى يوقتۇر پەنجىرە تامدا.
ئىزدەپ چىققان چاغدا سەن ئۇنى،
تۇن نۇشنى ئىچكەندۇر جامدا.
سىنى ئىزدەپ كەلگەندە قۇشلار،
باھار ئۆچكەن چاغدۇر ھويلاڭدىن.
سەن قۇشلارنى سېغىنغان چاغدا،
ئۇۋا تۇتۇپ بولغاندۇر ھاڭدىن.
سىنى ئىزدەپ كەلگەندە شامال،
سەن ئۇ قاشتا بەلكى ئورمانىڭ.
سەن شامالغا زارىققان چاغدا،
تۆۋى قۇرۇپ بولغان ئارمانىڭ.
سىنى ئىزدەپ كەلگەندە دەريا،
چۆشەپ ياتقان چېغىڭدۇر چۆلنى.
سەن دەريانى باشلىغان چاغدا،
قۇم ـ لاتقىلار تىندۇرار كۆلنى.
سىنى ئىزدەپ كەلگەندە قىسمەت
كەتمىگەنسەن باشقا بىر جايغا.
پەرزەنتلەرنى ئاققا بۇيرۇتۇپ،
ئۇخلىغانسەن تەلمۈرۈپ ئايغا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



8

مېنى ھەسرەت چەكمە دەيدۇ،
ھەسرەت چېكىپ كۆرمىگەنلەر.
ياشنى يەرگە سەپمە دەيدۇ،
ئىشق چۆلى كەزمىگەنلەر.
بىلمەي تۇرۇپ جۇنۇن دەيدۇ،
چېچىم بەلدە، بولسام دەرۋىش.
قولىدىكى ئوتۇن دەيدۇ،
سۆيگۈگە گۈل قىلسام پەرۋىش.
مەيلى چەكمەي قانچە ھەسرەت،
ئىزدىمەڭلار مەندىن قۇسۇر.
ياندىشىمسا ئەگەر غەپلەت،
ھىجرانىمدىن چاقنار ھۇزۇر.
مېنى مەيگە زورلىماڭلار،
مەن ئەزەلدىن مەيگە غەرق.
مۇھەببەتنى خارلىماڭلار،
كۆن بىلەن تۈن قىلسۇن پەرق.
دەريا ئاققان، دېڭىز تاشقان
ئىشقىمنىڭ بىر قەترىسىدىن.
يېشىم سىڭگەچ ئوت چاقنىغان
خوتەننىڭ چوغ ئەتلىسىدىن.

1996 ـ يىلى 6 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

# دۇنيا سىز بىلەن ئۇلۇغ

— قىزىمغا

ئارزۇيۇمنىڭ ئۇچاقلىرىدا،
يېنىپ تۇرغان مۇقەددەس چوغ سىز.
كىلەچەكنىڭ قۇچاقلىرىدا،
غۇرۇرۇمغا تىكلەنگەن تۇغ سىز.

ئاچار سىزدە روھىم ئۇز چېچەك،
ئۆزلۈككىز چاقنىسا يورۇق.
نازاكەتنىڭ جەۋھىرى بولۇك،
شۇ چاغ دۇنيا سىز بىلەن ئۇلۇغ.

باھار چىللاك زامانىڭىزغا،
سىزگە ئاقسۇن يۇلتۇز تورکۆمى.
جەننەت تىلەك ياخشىلار ئۇچۇن،
بۇ جاھاننىڭ بولۇپ كۆركىمى.

قۇلاق سېلىڭ ئاجىز ئەمەسسىز،
بۇرۇندىن بار مۇنداق بىر مەنا:
بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولدا
تەۋرىتىدۇ دۇنيانى ئانا.

1996 ـ يىلى 6 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

## تۇمارىس

يېنىپ تۇرغان رىۋايىتىڭنىڭ،
ئىزىنى قىممەن نەپەسلىرىدە.
قەلئەلەرنى ياسايمەن قايتا
كۇھقاپتىن بورانىنى باشلاپ،
ماي ئېيىنىڭ گۇگۇم پەسلىدە.

ئويغىنىسەن چۆچۈپ چۈشۈڭدىن،
سەن بالدۇرقى ئۆزۈڭنى ئەسلەپ.
كۇكۇم - تالقان قىلىدۇ شۇندا
جىگىرىڭنى سۈكۈناتتىكى،
ئاق بۇلۇتتەك تۇلپىرىڭ كىشنەپ.

يەڭمەك بولۇپ كىمنى قانچە رەت
چىرقىرايسەن تولغاق زەربىدىن؟
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمسەن،
ئۇيۇق ئېچىپ بەرمەكچى بولغان،
قوش دۇنيالىق ۋەدە - قەرزىدىن.

1996 - يىلى 8 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

## ئۇ نەرسە

قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغانمۇ ئەمەس،
بىرى سوقۇپ ئالغانمۇ ئەمەس،
يىتىپ كەتكىنى يالغانمۇ ئەمەس،
مەن سورىسام يوق دەيسەن،
سەندە يىتىپ كەتكەن ئۇ نەرسە؟

ئىزدەر ئىدىم تولىپقى بولسا،
يىلتىزى ھەم ياپرىقى بولسا.
تاغ كەينىدا قاپقىقى بولسا،
مەن سورىسام بىلمەيسەن،
قاچان يىتىپ كەتكەن ئۇ نەرسە؟

يىتكەنمۇ يا بەلگىسىز يولدا،
تۇتۇپ ماڭغان بولغىدىڭ قولدا،
ھەمراھىڭ يوقمىدى ئوڭ - سولدا،
گەپ سورىسام لام - جىم دىمەيسەن،
قانداق يىتىپ كەتكەن ئۇ نەرسە؟

1997 - يىلى 3 - ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## جاندىن سۆيىمەن

ئەركىلىگۈم، ئەركىلەتكۈم بار،
مەن ئۈچۈن سەن بىر پارچە باھار،
بىر تىلىمدا مىڭ گېپىڭ گۈليار،
چۈنكى سىنى جاندىن سۆيىمەن.

ناخشا بولۇپ سىڭسەم دىلىڭغا،
ھەسەل بولۇپ تامسام تىلىڭغا،
دەيمەن ئۈنسەم ئوك ۋە سولۇڭغا،
چۈنكى سىنى جاندىن سۆيىمەن.

ئوتلىنىمەن سىنى كۆرگەندە،
سىھىر بارمۇ ئىشق دىگەندە،
تۇرماس ھىچكىم بۇنى بىلگەندە،
چۈنكى سىنى جاندىن سۆيىمەن.

سىنى ئويلاپ كۈنلىرىم تاتلىق،
خىيالىممۇ بولۇر قاناتلىق،
پەقەت سەندە مەن ئۈچۈن شادلىق،
چۈنكى سىنى جاندىن سۆيىمەن.

مەن بىر دەپتەر ئوقۇپ باققىنا،
دەريا بولۇپ تېشىپ ئاققىنا.
سىرلىرىمغا يۈرەك ياققىنا،
چۈنكى سېنى جاندىن سۆيىمەن.

1997 - يىلى 8 - ماي، ئۈرۈمچى



كىتاب تورپىكتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بىر پارچە ئوتمەن

تۇتاشتۇرغان ئۆز قولۇڭ بىلەن،
كۆيۈپ تۇرغان بىر پارچە ئوتمەن.
ئويناشمىغىن ھەرگىز ئوت بىلەن،
يۈرىكىڭگە ئورنىغان دەردمەن.

ئۇچراتمىسام بوپتىكەن دېدىم،
ئۇچراپ قالدىڭ ئەمدى ئامال يوق.
سۆيۈپ قالدىم بەلكى يۈرەكتىن،
ئىشەن مەندە ھارام خىيال يوق.

ئوت ياقمەن ئۆز قولۇم بىلەن،
بىر پارچە ئوت بولسەن سەنمۇ.
ئوت ئىچىدە ياشايمىز بىللە،
ئوتتا ياشنار چېچەك دېگەنمۇ.

1997 ـ يىلى 12 ـ ماي، ئۈرۈمچى

# ئايان

دىلىمنىڭ رەڭگى يالقۇنىدا ئايان،
شۇڭا تەسۋىرلەپ سۆزلەش بىھاجەت.
لەۋزى مىزانىم شاۋقۇنىدا ئايان،
كىملىكىمنى بىل! ساڭا ئىجازەت.

شامالغا مىنگەشكەن نەپەس ـ تىنىقىم،
يۇلتۇزلار بويىندا خىيال مارجىنىم.
كۆزۈڭگە سىغمايدۇ بەزەن قىلىقىم،
گاھ سۇدا، گاھ ئوتتا ئوينايمەن، جىنىم.

ئاپتاپ يايغۇم بار سىنىڭ بېشىڭغا،
قەلبىمدە يانغان گۈلخان تەپتىدىن.
قىشتا باھاردەك كەلسەم قېشىڭغا،
ئورۇن بېرەمسەن سۆيگۈڭ تەختىدىن؟

چۈشىنىشكەنىنىڭ چۈشى بىرلىشەر،
يۈرەك سۆزۈمدە قىلدىم ئىلتىجا.
ۋىسال تاڭلىرى شۇندا كۈلۈشەر
سۆيگۈنىڭ گۈللىرى ئېچىلسا تازا.

1997 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## يىغلا يۈرىكىم

يىغلا يۈرىكىم، يىغلا،
ئەلەم ساڭا ئۇلاشتى.
بەختىڭ ئۈچۈن ئېچىلغان،
چېچەكلىرىڭ سولاشتى.

ئاسمان سەندىن ئۆگەنسۇن،
ئېقىپ ـ ئېقىپ يىغلاشنى.
قۇشلارمۇ ھەم توختاشسۇن،
پەسىللەرنى ئۇلغاشنى.

تاغ ئالدىدا سەن يىغلاپ،
تاغ كەينىدە ئۇ يىغلار.
يىغلا يۈرىكىم، يىغلا
تاغمۇ بىر كۈن يېرىلار.

تارام ـ تارام ياشلىرىڭ،
يۇيار دەردنى ـ ئاچچىقنى.
يېشىپ تاشلار دىلدىكى
قاتتىق تۈگۈن ـ سانجىقنى.

يىغلا يۈرىكىم، يىغلا،
يىغلىماسلىق زۇلۇمدۇر.
ئەلەملەرنى يىغىغا،
غەرق قىلىش ھوزۇردۇر.

1997 - يىلى 12 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئايرىلمايلى

بېرەي ساڭا سۇنۇق دىلىمنى،
ئال، پۈتۈنلە سۇنۇق دىلىڭنى.
يورۇق بولسۇن ھەردەم پېشانەڭ،
قىسقا قىلما ھەرگىز تىلىڭنى.

قانال يېرىپ ئۆتمىسۇن بىزنى،
ئۇيۇل تاشقا بولايلى ئۆرنەك.
مىنگەشكەندەك چوققىغا چوققا،
بىر بېغىشقا چېتىلسۇن يۈرەك.

كۆلسۇن گۈلشەن مەسلەكداشلىقتىن،
چىرمىلىشىپ كەتسۇن روھىمىز.
بولۇشايلى يۇتۇم - يۇتۇم سۇ،
تەشنا بولسا سۇغا جېنىمىز.

ئايرىلمايلى ئاي بىلەن كۈندەك،
نامەردلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ.
كارۋان تارتىپ بىللە ماڭايلى،
كولدۇرمىمىز تۇرسۇن جاراڭلاپ.

1997 - يىلى 8 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# باغاقلارغا بىسىلغان شېئىرلار

باغاقلارغا بىسىلغان شېئىرلار،
ياندىن قاراپ كۆلەر تىلەككە.
ئۇچۇپ ئۆتەر كوچا ـ كويلاردىن،
سادda ئارزۇ چىڭقاپ يۈرەككە.

بىر دەۋرنى ئەخلاققا ئۈندەپ،
ئەخلاقسىزلىق قىلىدۇ ئۆزى.
يوسۇنلارنى قىلىپ بىچارە،
تاۋكارلاردىن قاچىدۇ ئۆزى.

جەزخورغا باغلاپ قويىدۇ،
ئادەملەرنى ئەۋلادمۇئەۋلاد.
باغاقلارغا بىسىلغان شېئىرنىڭ،
مەنىلىرى ئىچىدە قات ـ قات.

بىز ھەممىنى بىلىپ تۇرىمىز،
ئەگىشمىز ئۈنىڭغا ئەمما.
چىقىپ كېتىپ ھويلا ـ ئاراندىن
بىز ئىزدەيمىز يېڭى مۇئەمما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باغاقلارغا بېسلغان شېئىرلار،
كملەردىندۇر ئالار ئەۋرىشكە.
ئەنئەنىسنى ئېيسپ دارلارغا،
بۇ دەۋرنى سالار تەشۋىشكە.

1997 - يىلى 4 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



# يالغۇز قالدىم

يالغۇز قالدىم مەن بۈگۈن ئاخشام،
ماڭا پەقەت ھەمراھتۇر گۇگۇم.
چىچەكلەيدۇ بەلكى ئاھىمدا،
يۈرىكىمدە قىزارغان چوغۇم.

چۈشلىرىمنى يوللايمەن تۈندە،
جور بولسۇن دەپ تەنھالىقىڭغا.
ئاسمىنىڭدىن كۆرۈۋال ئەركەم،
مەن ئايلاندىم ئوتقا – چىقىنغا.

يالغۇزلۇقتا سەنمۇ بىر چىچەك،
خۇش پۇراقتا تولدۇ خىلۋەت.
غەملىرىڭنى ماڭا ئاتىغىن،
دەرد ئىچىدە كۈلمەن پەقەت.

يالغۇز قالدىم، يالغۇز قالدىڭ سەن،
دەملەر بىزنى شۇنداق سىنايدۇ.
خۇشاللىق ۋە قايغۇ گۈللىرى،
گاھى سولۇپ، گاھى پۇرايدۇ.

1997 – يىلى 10 – سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



# بۇ كوچىدىن بىر قىز ئۆتىدۇ

بۇ كوچىدىن بىر قىز ئۆتىدۇ،
دەريادىكى ئالتۇن بېلىقتەك.
ھەر بېقىشى ئۇدۇل تېگىدۇ،
ۋۇجۇدۇمغا چەنلەنگەن ئوقتەك.

بۇ كوچىدىن بىر قىز ئۆتىدۇ،
كۆكلەمدىكى سۈزۈك سەھەردەك.
ماڭغان ئىزى يورۇپ كېتىدۇ،
پەرىشتىلەر چاچقان گۆھەردەك.

بۇ كوچىدىن بىر قىز ئۆتىدۇ،
ئاي ئۆتكەندەك سامانيولىدىن.
ئالتۇن يۇلتۇز يەرگە كۆچىدۇ،
قوزغىلىدۇ يۈرەك ئورنىدىن.

بۇ كوچىدىن بىر قىز ئۆتىدۇ،
ئۇنىڭ يوقتەك باشقا كوچىسى.
دىل قەسرىمنى تىنماي چېكىدۇ،
بولۇپ گويا ھىجران ئەلچىسى.

1997 - يىلى 2 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## شائىر I

ئۆز باغرىغا جۇغلسام دەيدۇ،
ئېلىپ دەردىنى مىڭلىڭ باغرىدىن.
ئىككى ئالەم غېمىنى يەيدۇ،
بىتەمەننا پۇچۇق زاغرىدىن.

بىر جېنىغا مىڭ ئاشىق ئۈچۈن،
مىڭ ھىجراندا ئېقىپ يىغلايدۇ.
خىيالىدا جىمى ئادەملەر،
يۇلتۇز كەبى يېنىپ پارلايدۇ.

ئۇنىڭ قەلبى باھار ۋادىسى،
زىمىستاننى چالار نەي قىلىپ.
بۇ دۇنيانىڭ گۈلگۈنى ئۈچۈن،
ئازابلارنى ئىچەر مەي قىلىپ.

تۈنۈگۈندىن ئەتىسى ئۈچۈن،
شائىر بۈگۈن ئىلغار ئۆزىنى.
ئاۋۋال شائىر تۇغىدۇ سەھەر،
ئاندىن قۇياش ئاچار يۈزىنى.

1998 – يىلى 6 – ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئەسسالام، يالپۇز

نەۋباھار سەندىن ئويغاندى يەنە،
ياۋا جاڭگاللىنىڭ ئەركىسى يالپۇز.
بار سەندە قانداق سىرلىق تەبەسسۇم،
يانار ئىشقىڭدا بىساناق يۇلتۇز.

خۇشبۇي پۇراققا ئايلىنىپ قەلبىڭ،
ئۇچۇپ كېتەمدۇ مەستخۇش شامالدا؟
قاپتاللاردىكى خىيالچان يۇلغۇن،
قاناپ كۆكلەمدۇ سەن سالغان داغدا؟

سۈزۈك سەھەرنى كېلەمدۇ باشلاپ،
سەندە ئېچىلىپ تورغاينىڭ بەھرى؟
ئۆزۈڭگە پەقەت ئۆزۈڭلا ئىگە،
شۇڭا كۆكلەيدۇ غۇرۇرۇڭ قەھرى.

ئىنس - جىن يوق خىلۋەت يەردىسەن،
قۇرۇق ئېقىنلار سەن ئۈچۈن تەشتەك.
سېنى ھەر نۆۋەت ئىسمىگە ئالسام،
يېنىپ تۇرسەن يېشىل ئاتەشتەك.

مىڭ ئېغىزدا مىڭ خىل ئېيتىلار،
ئەتىۋارلىقنىڭ ـ بەختىنىڭ شەرھى.
بىلگىن، ئاددىيلىق قېتىدا تۇرۇپ،
تاشنى زەر قىلغان خىزىرنىڭ قەلبى.

ئەسسالام يالپۇز، يىراق شەھەردىن،
ئەجەب سېغىندىم جاڭگالنى، سېنى.
بالىلىقتىكى ئوتلۇق دەملەرنى،
ئېسىڭگە ئېلىپ چۈشكىن مېنى.

1998 – يىلى 10 – ئاپرېل، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## كۆلالچى

قىزىل، سېرىق توپا، سېغىزلاي،
پەپىلەندى، پىشتى قوللاردا.
ھېجىر چىنە، ھېجىر ئاپتۇۋا،
دەستىلەندى ئوچدا ـ سوللاردا.

ئالىقانغا يۆرەك قونغاندەك،
ھۆنەر قىلار بوۋاي ئاۋايلاپ.
ئوت بىلەن تەڭ كۆيەر خۇمداندا،
لاي ئىچىدە كۆنلەپ، يىل ـ ئايلاپ.

ئىخلاسىنىڭ نۇرلىرى چاقناپ،
بوۋاي كۆڭلى ئايان نەقىشتە.
باھار كۆرمەي ئېچىلار چېچەك،
لەۋ ياقىدۇ زىبا، پەرىشتە.

لاي ئادەمدەك يورۇيدۇ كۆن ـ تۈن،
بەرگەن لايغا كۆڭلىنى بوۋاي.
ھويلىسىدا گۈلباھار بىلەن،
سىرداش بولۇپ كۆلەر يۇلتۇز ـ ئاي.

بىر يولدۇر جاھاندارچىلىق،
يەنە بىرى خۇمار ۋە ھۈنەر.
ئەزىزلىكنىڭ يىلتىزى باردۇر،
ئەقىدىدە لاي بولۇر گۆھەر.

1998 - يىلى 7 - ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئالتۇن شاخلار

(داستان)

1

ئېتىقاد جەۋھىرى جۇغلىغان ۋۇجۇد،
روھ قۇشلىرىنىڭ ئالتۇن ئۇۋۇسى.
ئۇماي① نىڭ لېۋىدىن تېمىپ تۇرغان قۇت،
تەندىن بالقىغان روھ ئۇچۇرمىسى.

ئەسلى بىر ئېقىندا ئاقار كۆك ـ زېمىن،
بىر دىماقتا نەپەسلىنەر ئۇما ۋە ئىنسان.
كۆيۈپ ـ پىشسىمۇ بىر ئوچاقتا،
بىر سادادىن تارايدۇ ۋەھىي ھەم چۇقان.

بىرى بىرىنى دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭ پۇشتى،
مەن ئۇنىڭ باغرىدا بولغان تىندۇرما.»
بىرىكىش يوسۇنىدىن نۇر چاقناپ تۇرار،
بىرى تۈگىدۇر، بىرى كولدۇرما.

تەبىئەت، ئىلاھ ھەم ئادەم، ئېتىقاد،
دۇنيانىڭ ئۇلىغا قويۇلغان زور تاش.
قوشۇلغان ئاۋازدىن تۇغۇلار ئۇزلۇق،
بىر ـ بىرىنى ياسار بوپ ھەيكەلتىراش.

2

بىر كۆكنى سېغىنىپ قىلىمىز نىدا،
لېكىن ئۇمايىنىڭ تۇپراقتۇر تۇتېمى.
شۇڭا سېغىنچىلار بولۇپ بىر گەۋدە،
گۈزەل تىلغا ئايلانغان دۇنيا ئۇقۇمى.

ياشاپ كەلدۇق ئۇمايىنىڭ ئەس ۋە يادىدا،
كۆڭلىگە تويۇندۇرۇپ ياخشى ـ يامانىنى.
ئۇ، چۈشىدە بىر خىل، ئوڭىدا بىر خىل،
بىزگە بەخش ئېتىپ تۇردى زامانىنى.

زېمىنغا داپىنى تۇتۇپ چۈشكەن شامان،
ياخشى ـ يامان روھنىڭ لىللا قازىسى.
خورلانغىنىغا قىلىدۇ ھىمات،
ئۇنىڭ جىسمى بەخت ۋادىسى.

باغلىغان تۇغنىڭ بىر ئۇچى كۆكتە،
ئاددىي چاغلانمىسۇن تۇغ ـ پەلەك شوتىسى.
تەندىن ئاجرىغان روھ ئەركىن يۈرمەكتە،
ئاق بۇلۇتنى قىلىپ شايى پوتىسى.

يامان روھ ئايلىنىپ ئالۋاستى ـ جىنغا،
چىقىندى تاملارنى تۇتماقتا ماكان.
شامان ئۈلگىن[2]، ئۇمايىنى قىلماقتا رازى،
پاك تەنگە پاك روھنى تولۇقلاپ ھامان.

65

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تۇغقا چىگىلگەن ئالمىنىڭ شېخى،
قولدا ئۈزىنىغان سۆگەتنىڭ تېلى.
كۆزىدىن ياندۇ سىنچىنىڭ ئوتى،
چېچەك تۆكىدۇ ئەپسۇندا تىلى.

بىر مەركەزدىن كەتمەس يىراقلاپ،
شامال – بوراندەك چۆرگىلەشلىرى.
ئەسلىتەر ئورماندا كۈچ تاپقان شىرنى،
جىمغۇرلۇق ئۈستىدىن ھۆركىرەشلىرى.

چىشىغا بېسىلغان چوغلانغان كەتمەن،
سەھەر ئۇيۇقىغا ئۆرلىگەن قۇياش.
زۇلمەت جەندىسىدىن يېشىنىپ چىقار،
تۇغ تۇتۇپ، روھى نۇر ئىزدىگەن ياۋاش.

داپ ئەمەس، تولۇن ئاي چېكىلگەن قولدا،
زېمىن يۈرىكىنىڭ رىتىم ساداسى.
باغرىغا پاتمىغان شامان ناخشىسى —
ئۆلگىن، ئۇمايىنىڭ قۇتلۇق نىداسى.

تەپچىگەن بىر تال تەر بىر يۇلتۇز،
شامان ئايلانماقتا سامانيولىغا.
ئادراسمان تۇتۇنى — لەيلىگەن بۇلۇت،
جىسمىنى ئايلاندۇرۇپ بېرەر يامغۇرغا.

ئەي يامغۇر ئىچىڭلار ئاغرىدى كىمگە؟
سىلەر ئىلاھلارنىڭ كۆز يېشى.
كۆز ياش بىلەن چۆرگىلەر زامان،
كۆز ياش بىلەن تىرىكتۇر ئىنسان،
كۆز ياش بىلەن ئەسلىنەر شامان.

شامال ـ بوران — تەڭرى نەپىسى،
ئىچىڭلار ئاغرىدى كىمگە؟
قانىتىڭلارنى قىلىپ سۈپۈرگە،
كىرىپ چىقامسىلەر يەكسۈرۈن ئۆيگە.

قۇياش ـ قۇياش تەڭرى دىدارى،
تەبەسسۇمىڭلارمۇ قىيام نۇر ـ ئاپتاپ.
سىلەرنى دوراپ ـ سىلەرنى ئويلاپ،
بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ يۈرەك،
چىقىپ كېتەرمۇ كۆكرەكتىن چاچراپ،
ئۇچۇپ كېتەرمۇ ۋۇجۇدنى تاشلاپ.

ئۇمايىنىڭ چېھرى — قوتانلىغان ئاي،
شامانغا تىككەن لاتا ـ پۇرۇچتىن،
تىكىپ بەرسەڭ ماڭا بىر چاپان.
داپ چېلىپ،
تۇغ باغلاپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىسرىقداپ،
كەتمەن قىزىتىپ، ئۇچۇقدىسام بىر نۆۋەت،
دەس تۇرارمۇ روھى يىقىلغان،
ئويغىنارمۇ ئۇيۇپ ئۇخلىغان.

3

مۇقەددەس بوز تەڭرى[3] نىڭ ئىزىقىدا،
ھۇزۇرلۇق چايىنالغان بىر كاپام تۇپراق.
لايچىدا ياسالغاندەك بىر جۈپ قورچاق،
سەكرەپ چۈشتى يەرگە چۇرۇقلاپ.

بوز تەڭرى ئالدىدا تىزلاندى ئۇلار،
بالىنىڭ دادىغا يەتتى تەزىمى.
مېھرى رىشتىسىدە چىيتلىدى يۈرەك،
ۋۇجۇدنى ئېرىتتى سۆيگۈ سېزىمى.

ئىخلاس توپىسىغا ئايلاندى تۇپراق،
تويۇندى تەم بىلەن تۇزى كەم بەدەن.
يەر كىندىك قېنىنى باغرىدا ساقلاپ،
بولدى ئادەملەرگە ئەبەدىلىك ۋەتەن.

چوقۇنۇش كۆيىنىڭ شېرىن ئاۋازى،
تىترەتتى تەنني يەنە بىر قەپەس.
كۆي تاراتقان ئەمەس كەييۇمارس[4]،
ئەمەس پىرومېتى[5]، نىۋا[6] ۋە يەھۋە[7]،
كۆينىڭ مەنبەسى يەر ــ سۇپ مۇقەددەس.

ئايلاندى يەر تەنگە، تەن ھەم تۇپراققا،
تۇغۇم ــ ئۆلۈمدىن باشلاندى سەپەر.
بولسا تۇغۇلغان تۇپراققا چۈشكۈن،
يەرلىككە كىرگىنى سانالدى گۆھەر.

كۆك تەڭرى ئىسسىدىن چىققاندا بىزلەر،
بەركەت قوۋۇقىغا سىڭىنغاندا دەم،
بۇلاقلار كۆز يۇمۇپ، دەريا تىنچىپ،
تۇپراقنىڭ لەۋلىرىدىن قاچقاندا نەم،
مۇڭلىنىپ ياش تۆكىدۇ جىمى ئادەم.

رەھمەتنىڭ توختاپ كۆكتە يېشىنلىرى،
يىغىشقا باشلىغاندا سىرىق توپا،
تۇپراق جاندىن، جان تۇپراقتىن،
ئىزدەيدۇ چاك ــ چاك بولۇپ سۆيگۈ ــ ۋاپا.

شۇدەمدە خىزىر سۇپەت يۇرت چوڭلىرى،
روھنى پاكلاپ چىقىپ سۇ بېشىغا.
قان قىلار ئات ئۆلتۈرۈپ كۆك تەڭرىگە،
كىشنىگەن سادا تېگەر ئەس ــ ھوشىغا.

ئورالغان سۇ يىلىنى ئات كاللىسى،
ياتىدۇ ئېقىن ئىچرە كۆكتىن تىلەپ.
ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يىلان كۆككە،
پىچىرلار بىرنېمىنى تىترەپ ــ تىترەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەملەر قولىدا بار قان تامغان تاش،
زېمىننى كۆككە ئۇلار سۆرەنلىرى.
يادا تاش سوقار بولۇپ تىرىك يۈرەك،
كۆپىدۇ يەلۋى⑧ نىڭ گۈرەنلىرى.

ئېچىلار چاقماق چېقىپ كۆك قوۋۇقى،
ئايلىنىپ بۇلۇتلارغا تەگرى مېھرى.
ئىللىق يەل پۇشقۇرتىدۇ نەپەسلىرى،
سىم ـ سىملاپ تۆكۈلىدۇ مىگبىر سېھرى.

مانا بۇ ئىلاھلارنىڭ پاكلىقىدۇر،
مانا بۇ ئېتىقادنىڭ ساپلىقىدۇر.

ياداتاش ئۇنتۇمايلى كۆك تەگرىنى،
چېقىن ۋە يېغىن بولماي كۆلمەس تۇپراق.
يۈيۈنماي پاكلانمايدۇ ۋۇجۇد ھەم تەن،
بورانىنى سېغىنىدۇ ھامان توغراق.

تىلەكلەر يەتسۇن كۆك ۋە بوز تەگرىگە،
ئىلاھىي قانات بەرسۇن كىرەك ماڭا.
تىلسىمات كوچىسىغا بىللە كىرىپ،
تىلەكلەر پۈتۈپ چىقاي تۈگەل ساڭا.

يادا تاش تامچە ـ تامچە قان سىغىنساڭ،
ئىتائەت زەردىسىدىن ياراي يۈرەك.
بىر يۇلتۇز بۇگۈن چۆكسە يەر ئاستىغا،
ئەتىكى مىڭ يۇلتۇزدىن بېرەر دېرەك.

قولباق[9] نىڭ تىننىقىدىن ئالاي نەپەس،
بەرسۇن ئۇ بۆرە سويغان پىچىقنى.
ياندۇراي بۇ زاماننىڭ ئەلەس باققان،
ئورنىغا كۆزىدىكى قارىچۇقنى.

**4**

كۆنچىنىڭ بويلىرىدا قۇملار بارخان،
ئاستىدا تىۋىشى بار ئېقىن سۇدەك.
بېلىقى مەيدىسىنى نۇرغا قاقلاپ،
قارنىغا ئالتۇن يىغقان غۇژمەك ـ غۇژمەك.

ئاي كىرىپ تاپىنىدىن، كۈن بېشىدىن،
جاھاننىڭ يۈرىكىدە ياتقانمىدۇر.
ئاي بالىقىپ، قۇياش چۆككەن قۇم ئاستىغا،
ئۈستىخان چۈشۈپ قېلىپ ياتقانمىدۇر.

ئېچىلغان قەبرىلەردە قۇياش ياتقان،
قەدىمكى يىلتىزىدىن مەشئەل كۆكلەپ.
قاچاندا بولغان كۆكتە قەتل قىلىش،
بۇ يەرگە ئۇنى كىملەر قويغان پۈكلەپ.

بۇ يەردە تۆرەلگەنمۇ قۇياش پۈشتى؟
كەتمىگەن قۇم جىسمىدىن نۇر ـ ھارارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كەتمەندە ئېچىپ بولماس پايانىنى،
تېرەنگە شەھەر سالغان قەۋەت - قەۋەت.

يىلتىزى نۇرنى ئەمگەن چۆل توغرىقى،
قۇرۇتماي چاقنىتىدۇ ئالتۇن شاخنى.
يۇلغۇنلار كۆيەر تىنماي قان قايىنىتىپ،
مىليون يىل ساقلاش ئۈچۈن روھى پاكنى.

ئۇۋىدۇر بۇركۈتكە تاغ، قۇشقاچقا باغ،
ئالپلار ئالپلارغا سالار ھىجران.
ھەممىگە خىل - خىلدا باقار ئەزگۈ،
چىللىگە چېچەك سۇنسا قىلار ۋەيران.

ئاپوللو[10]، مىترا[11] بىلەن تەڭقۇر بورخان[12]،
تۇغۇلغان ئەمەس يۇنان، نىل بويىدا.
ئۆتكەن، خانتەڭرىنىڭ سىزىكىدە،
تارىمدا تۇغۇلغان ئۇ نۇر قوينىدا.

سەھەرنى ئويغىتىدۇ قۇم يۇرىكى،
قۇياشتەك بالدۇر تۇرۇپ، سىلىپ چۇقان.
ئۇخلايدۇ ئېتىقادسىز قان - يىرىڭدا،
شۇڭمۇ قۇتىنىڭ ئاڭا باغرى قاتقان.

تېۋىنىش - سىغىنىشنىڭ شولىسىدا،
قۇياشنىڭ تۇرار چاقناپ نۇرى ئۆڭمەي.

ئىخلاستا ۋۇجۇد كەتسە دەرماندىن،
نۇرلارغا تەركىب بولار روهى ئۆلمەي.

قۇياشقا باققان توگلۇك ـ ئىشكلەرنىڭ،
كۆگلىدە بىر ئۇلۇغلۇق بولغان سىماب.
تويۇنۇش، تاشقىن ياساش بەيگسىدە،
ئۆزگەنگە يارىشىدۇ ھەممە قىماپ.

كۆگلىنى تېۋىندۇرغان كۆنگە ـ ئايغا،
ئىپسلار تۇمار بولۇپ كۆك كۆكسىگە.
بەزىدە بۇلۇت مىنىپ كۆكتە ئۆزسە،
بەزىدە ھېكمەت ئاگلار تاغ ئۈستىدە.

زۇۋۇلا ئۆزۈپ بەرگەن ئېتىقادىنىڭ،
چاگگىلى ئوچۇمدىغان بىر توپ ئاچقۇچ.
كەلگەندە گىزى ئاچار لوك ـ قۇلۇپنى،
ئۇ ئەمەس يىراقتىكى قەدەم ـ باسقۇچ.

ۋايساشلار غاپىللىقا بېرىپ جۈرئەت،
قۇياشقا ھاقارەتلىك شىلتىلسا قول.
بولمامدۇ ئۆز كۆكسىگە ساداق ئۆزگەن،
يەكسانلىق چاپلاشمامدۇ كېلىپ ئۇدۇل.

نۇر چاچقان قۇياش شەكلى قەبرىلەردە،
نېمگە ئايلىندۇ ياتقان تەنلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قاپقانغا چۈشۈرمەمدۇ روھنى ئەپچىل،
توتېمنىڭ ھىجرانىدا زار يۈرگەنلەر.

ئۇلۇغلۇق بەدەل بىلەن چۈشەر قولغا،
لېكىننزە كىچىك ئىشتا كېتەر قولدىن.
ئېتىقاد زەردىلەرنى تاۋلار خۇمدان،
ياتمايلى قۇياش بەلگە سالغان يولدىن.

5

بويىنغا ئەجدىھانى يۆگەشتۈرۈپ،
بېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ يېڭى ئايىنى.
ئۈچ بىسلىق نەيزە تۇتۇپ ئاق ئۆكۈزدە،
ئايلانغان شىۋا⑬ كۈرمىڭ مۇشۇ جايىنى.

يېڭى ئاي ئەستىلىكتۇر ئاسمىنىغا،
ئاي دېسە لەرزە تارار قان ـ قېنىغا.
بۇ يەرنى يوقلاپ تۇرار شۇنىقەدىرى،
تەلەيىنى چېتىپ قۇتنىڭ ئارقىنىغا.

ئەجدىھا تۇخۇم تاشلاپ قويغان غاردا،
تۆرەلدى بىر مۆجىزات يېرىپ شاكال.
ئەجدىھا بالىقى⑭ دەپ ئىسىم قويدى،
تەڭرىقۇت ئەقلدارى بىر ئاقساقال.

تۇغۇمى ـ ئۇلۇممۇ مۇشۇ جايدا
ھەم دەرتتىن قاسراق تاشلاش، روھنى پاكلاش،
ئەجدىھا جىسمى بىلەن بىرتۇتاشتۇر،
دىلىغا تەۋەنىشتىن ئىبقىن باشلاش.

ئىبادەتخانىلارغا ئىسىم بەرگەن،
مۇقەددەس كۆك ئەلچىسى ئەجدىھا دەپ.
ئەجدىھا بالىقىدا تىلەك پۈككەن،
قەلبىگە پىلە قۇرتتەك ئارمان يۆگەپ.

بايتاللار بوغاز بولغان ئەجدىھادىن،
تۇغۇلغان قۇلانلىرى قانات بىلەن.
تىركەشمە جەڭلەر قىلغان ئۇچۇپ يۈرۈپ،
تاغلارنى يارغان ھۇررا، چۇقان ـ سۈرەن.

ئەگرىقۇت ئۇچقان مىنىپ قاناتلىق ئات،
قوندۇرۇپ ئاي، قۇياشنى جۇپ قاناتقا.
يارەنلەر كارامەتكە ياقا تۇتسا،
ھەسەتخور ياش تولدۇرغان كۆز ـ چاناققا.

توتېمى ئەجدىھا دەپ ئەلگە تاراپ،
ياشىغان بولۇپ ئۇلار ئۇزاق ئەركە.
بار ئىسمى تارىخ پۈتكەن ۋاراقلاردا،
دۇنيانىڭ پادىشىغا بولغاچ سەركە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قايسى كۆن كۆپۈرلۈكتا مەست بولدى روھ،
ئەجدىھا ئۇچۇپ كەتتى باشقا غارغا.
پۇشايمان ساقاللارغا ئېپ باردى قول،
كەلمىدى يىغلاش ـ قاقشاش ھەرگىز كارغا.

چىللىساڭ كەلمەس ئەمدى ئۇ بۇ يەرگە،
ھەممىگە خىرىدارلىق زىبالىقتۇر.
ئۆتمۈشنى قارىسىغا كۆمۈپ قويۇپ،
چاقناتماي سۆزلەپ يۈرۈش گۇناھلىقتۇر.

ئېتىقاد يەڭگۈشلەشكە خۇمار ئەجداد،
ئاخىرى ئايلاندۇردى كىمنى خارغا؟!
بىلىپ قوي بىباھا نەرسەڭ يىتسە،
تېپىلماس ھەرگىز كىرمەس ھەم بازارغا.

6

پۈت ـ قولى چانالغان ئۇن ياشلىق بالا،
قانسىراپ ياتقاندا تاشنىڭ ئۈستىدە.
ئاسماندىن تامغاندەك، يەردىن ئۈنگەندەك،
ھىماتچى روھى كەلدى بۆرە تۇسىدە.

بالىنى ئاپاردى يۇدۇپ ئۆڭكۈرگە،
ياندۇردى ئۇ يەرنى «ئانا» قىلىقى.
بىشىدا ئولتۇردى قىرىق تۈن ـ كۈندۈز،
باشقىدىن نۇرلاندى ھايات چىرىغى.

بالىنىڭ ئوزۇقى بۆرە ئوغۇزى،
غەلىيانىنىڭ ئوتى بار قانىنىڭ تەپتىدە.
چاقنىدى ئەجدادلار بەردەم سىيماسى،
بىر پۇشتىنى ساقلىغان بالا ئەپتىدە.

«ئانا» دەپ باش قويدى كۆپكۆك يالىغا،
كۆز كۆزگە تاشلىدى تاشتەك ئۇيۇللۇق.
تومۇردا ساپ قاندىن بولسا بىر تامچە،
جىگەردىن بالقىيدۇ ساپلىق ـ غۇرۇرلۇق.

ئۆڭكۈرگە پاتمىغان بالا خىيالى،
لەيلىدى ئۆتۈكەن، ئالتاي ئۈستىدە.
بالىنىڭ رەغدىنى پەملىگەن «ئانا»،
نۇرلىنىپ يوقىدى جىمجىت كېچىدە.

ئۇ بىرىپ ئۆلگىن ۋە ئۇماي قىشىغا،
بىر ـ بىرلەپ سۆزلىدى ئەتمىش ـ كەچمىشنى.
ئۆلگىن، ئۇماينىڭ باغرى ئېزىلىپ،
چاقىقانىراق يوقسۇن دىدى تەشۋىشنى.

ئاسماندىن ساقىدى بىر ساھىبجامال،
ئۆزىنى تاشلىدى بالا باغرىغا.
بىر جۈپ تەن لەرزىگە كەلدى بىر قەپەس،
سۆيگۈ چوكسىنى ئۇرۇپ ناغرىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى، يىللارمۇ ئۆتتى،
ئۇلۇغلۇق دەرىخى ئاچتى ئۇز چېچەك.
كۆك مەلىكىسىنىڭ كۆزى يورۇدى،
ئۇلاندى بۇرۇنغا يەنە كېلەچەك.

قىسسەچى ھەر دائىم سۆزلەيدۇ شۇنى:
ياۋلاردىن خالىيراق ياشاشنى ئىزدەپ،
ئۇلار ئورۇن تۇتقانىمش ئەرگىنەقوندىن.
تۆت يۈز يىلنى ئۆتكۈزۈپ خۇشال،
غالىب كەلگەنىمش نۇرغۇن توسقۇندىن.

ئۇلارنى پات ـ پاتلا يوقلارمىش بۆرە،
قالدۇرۇپ كەتكەنىمش كۆپكۆك يالىدىن.
بىشىغا كۈن چۈشسە كۆيدۈرۈپ ئۇنى،
ئۈستۈن كەلگەنىمش رەقىب پەيلىدىن.

بۆرە تېرىسىنى قىلىپ يېپىنچا،
چوغلىنىپ ئۆتكەنىمش زىمىستانلاردىن.
بۆرە ئوشۇقىنى ساقلاپ يېنىدا،
دۇنيانى ئۇتقانىمش شاھ ـ سۇلتانلاردىن.

بۆرە باشلاپ ماڭغان يول بىلەن،
كەتكەنىمش ئۇزاققا تىنچ ـ خىرامان.
قىئاتىنىڭ باغرىغا سانجىپ نەيزىنى،
يولۋاسنىڭ پوستىغا تىققانىمش سامان.

خىيالغا سىغقانلا يەرلەرگە بېرىپ،
تىكلەپ قويغانمىش ئەلەم ـ تۇغنى.
بىر كۈنى غاپىللىقنى ئۇماي قارغىشلاپ،
باغرىغا سالغانمىش ھەسرەت دېغىنى.

ئىلاھىي قولدىكى شانۇشەۋكەتنى،
بىر خاقان بۆلۈپ بېرىپ بەش بالىسىغا.
پارچىلىغانمىش سىرلىق گۆھەرنى،
كېلەچەكنى مۆلچەرلەپ قارىسىغا.

بۆرىنى قالدۇرۇپ قىردا يېگانە،
يېنىپ كەلگەنمىش مەھەللىسىگە.
ئەرگىنەقوندىن تېشىپ چىقىشى،
ئايلانمىش تارىخنىڭ پەللىسىگە.

7

بىز كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق،
ئىلاھىي كۈچكە تولغان يىلتىزىمىز.
كۆكلىدۇق، قۇرۇدۇق، يەنە كۆكلىدۇق،
يىلتىزلىق تارىختا قالدى ئىزىمىز.

ئېتىقاد دەرىخىدە ئېچىلدى چېچەك،
ئايلاندى غولىمىز ئالتۇن شاخلارغا.
ئۇيلاپ كۆرسەك ئوخشايمىز ئەينى،
دەۋر دەۋرگە ئاتقان ئوق ـ ساداقلارغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىز يەنە كۆكلەيمىز ئالتۇن شاخلاردا،
ئېتىقاد مېۋىسىگە تولۇپ مېۋىلەر.
قورۇش ئۇخلىساق چۈشكىمۇ كىرمەس،
جۇغلانغان روھلاردىن قاچار دىۋىلەر.

ئەسلەپ تۇرايلى ئۆتكەن كۈنلەرنى،
قورۇتماي تۇرايلى چاپان ـ چورنى.
ئالتۇن شاخلاردىكى ئالتۇن ياپراقلار،
سۆزلەپ تۇرسۇن ئار ـ غۇرۇرنى.

1998 ـ يىلى 16 ـ ماي، ئۈرۈمچى

ئىزاھاتلار:

① ئۇماي ــ شامان دىنىدىكى ئايال تەڭرى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالەمنىڭ ئۈستى ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇ پارلاق ماكاندۇر. ئۇماي پارلاق ماكان بىلەن ئاستىنقى زۇلمەت ماكانىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، ئىنسانلارغا تۇپراق ۋە سۇ مەنبەلىرىنى ئاتا قىلىدىغان بەخت ئىلاھىدۇر.

② ئۆلگىن ــ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادى بولغان ئالتاي شامانلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك تەڭرىسى قاراخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، «ئۆلگىن» سۆزىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى مەنىسى «بۈيۈك»، «ئۇلۇغ» دىن ئىبارەت. ئۇ ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقىدا يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ياشايدىغان تەڭرى، كۆكتىن چۈشكەن يامغۇر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشكەن شال دېگەن ئەپسانە تارقالغان.

③ بوز تەڭرى — تۇپراق تەڭرىسى. تۈركىي خەلقلەر ئەپسا-نىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۈيۈك تەڭرىلەرنىڭ بىرى.

ئەپسانىدە: «ئۆتۈكەن تېغىدىن 500 يول يىراقلىقتا بىر ئې-گىز تاغ بار، ئۈستى تاقىر بولۇپ، بۇنى ‹بوز تەڭرى› دەيدۇ» دې-يىلگەن.

④ كەييۇمارىس — «تۇپراقشاھ»، «گىلشاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا: تۇنجى ئادەم كەييۇ-مارىسنىڭ تۇپراقتىن قۇدرەتلىك بولۇپ يارالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

⑤ پىرومېتى — قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدە تەسۋىر-لەنگەن تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىلاھ بولۇپ، ئۇ لايدىن هايۋانلارنى ياساپ، يەنە ئىلاھلارنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئادەم قىلىپ ياراتقان.

⑥ نىۋا — خەنزۇ ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھ. ئۇنىڭ سېرىق توپىدىن ئادەم ياساپ، قومۇش كۆلى بىلەن توپان بالا-سىنى توسۇپ قالغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن بايانلار تارقالغان.

⑦ يەھۋە — يەھۇدىيلەرنىڭ خۇداسى. «تەۋرات»تا يەھۋەنىڭ تۇپراقتىن ئادەم ياراتقانلىقى توغرىسىدا ئەپسانە بار.

⑧ توغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈش، يارىشىش ــ ئۆزۈ-شۈش قاتارلىقلارنى يەلۋىگە باغلىغان.

⑨ قولباق — كارامەت كۆرسىتىدىغان ئەۋلىيا. مەھمۇد كاشغەريى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە: «قولباق — تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى، ئۇ، بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارا تاشقا تەگرى قولى قولباق دەپ يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن. ئاق تاشقا يازسا قارا بولۇپ چى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بار ئىكەن» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ توم) دەپ مەلۇمات بەرگەن.

⑩ ئاپىللو ــ قۇياش ئىلاھى. ئۇ يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ۋە بەخت ئاتا قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

⑪ مىترا ــ ئىران ئەپسانىلىرىدىكى ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى تەڭرى.

⑫ بورخان ــ يورۇقلۇق تەڭرىسى. تۈركىي مىللەتلەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە بۇ تەڭرىنىڭ ئىسمى «تەڭرى بورخان» دەپ ئاتالغان. مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردە «تەڭرى مانى بورخان» دەپ ئاتالغان. قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىلدە بولسۇن، بۇلار ئىنسانلارغا شولا چىچىپ قۇت ئاتا قىلىدۇ، دەپ ئۇلۇغلانغان.

⑬ شىۋا ــ جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى «شى ۋاڭمۇ»، ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇما» بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىپ يەكۈن چىقارغۇچىلار تۈرك رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇماي» بىلەن بىر دەپ قارايدۇ. شىۋا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن ھىندىستانغا بارىدىغان قورۇمتاغ رايونىدا ياشىغۇچى ئارىيانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان.

⑭ ئەجدىھا بالىق ــ (لوڭ چىڭ) ــ خۇنلار دەۋرىدە ياسالغان شەھەر بولۇپ، «خەننامە. خۇنلار تەزكىرىسى»دە: «ھەر يىلى 1 ـ ئايدا خۇنلارنىڭ باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا كىچىك مەرىكە ئۆتكۈزۈپ نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى. 5 ـ ئايدا ئەجدىھا بالىق (لۇڭچېڭ) شەھىرىدە چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ ئەجدادلـ

ـرىغا، يەر ـ ئاسمان ۋە روھ ـ ئەرۋاھلارغا نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش باسـقۇچىغا كىرگەندە ئەجدىھاغا چوقۇنۇش مۇكەممەللەشكەن. ئەينى دەۋرنىڭ قىياپىتىنى تولۇق تەمىنلەيدىغان ماددىي پاكىتلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، مايتىر بۇدداغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەجدىھا ھەيكىلى ياسىتىپ، رەسىملىرىنى سىزدۇرۇپ ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىش، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلغاندا جەسەت كۆلى قاچىلانغان كومزەكلەر ياكى ساندۇققا ئەجدىھا رەسىمىنى سىزىش قاتارلىقلار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئاشىق قىز

قىز يىگىتكە ئاشىق بولغاندا،
ئايلىنىدۇ نەيگە جان ـ دىلى.
چۈشلىرىدە داستان سۆزلەيدۇ،
تۇتۇلىدۇ ئۇڭدا تىلى.

ئۆتەر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ،
تەنھالىقنىڭ قېتىغا كىرىپ.
ئەگەر كۆرۈپ قالسا يىگىتنى،
ئوت ئالىدۇ چوغدەك قىزىرىپ.

دوستىغمۇ ئىككى دۇنيالىق،
سىر تۇتىدۇ ھىجران دەردىنى.
شىرنى يېڭەر جۈرئەت بولسىمۇ،
يېڭەلمەيدۇ قىزلىق زەردىنى.

قىز يىگىتكە ئاشىق بولغاندا،
ئازراق شەپە باقمامدۇ بېرىپ.
بولسا ئەگەر يىگىت ۋىجدانلىق،
تامچىمامدۇ شەبنەمدەك ئېرىپ.

1998 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## سەن بار

خىيالىمدا، چۈشۈمدە سەن بار،
غۇرۇرۇمدا، كۆچۈمدە سەن بار.
ئارىلىق يوق بىزدە ھېچقاچان،
نەپەس كەبى ئىچىمدە سەن بار.

شامال كېلەر ئۆيۈمنى ئىزدەپ،
پىچىرلايدۇ ئىشقىڭنى سۆزلەپ.
ئەقدەمنىڭ يالقۇنلىرىدا،
سالام ئېيتتىم قۇياشتىن يۈزلەپ.

چايقىلىدۇ دەريا ئەركىلەپ،
ئارمىنىدىن پۈتىدۇ سەدەپ.
ھىجرانىمدىن ھىجران مېۋىلەپ،
چېچىلىدۇ تەرەپمۇتەرەپ.

1999 ـ يىلى 15 ـ مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





## سۇ

ئېقىپ ـ ئېقىپ تۈگمەيدۇ
سۇنىڭ تىلىكى.
سوقۇپ ـ سوقۇپ توختىمايدۇ
سۇنىڭ يۈرىكى.
ئېيتىپ ـ ئېيتىپ تۈگمەيدۇ
سۇنىڭ ناخشىسى.
ئېرىپ ـ ئېرىپ مېھىر بەرمەس
سۇدىن ياشقىسى.
ھەممە نەرسە تۇتىيادۇر
سۇنىڭ دىلىدا.
ئوتمۇ سۆزلەك ئۈنچە بولار
سۇنىڭ تىلىدا.
تارام ـ تارام نۇر ئاقىدۇ
ماڭغان ئىزىدىن.
بۇ ئالەمگە سۆيگۈ تارار
ئۇنىڭ كۆزىدىن.
رەڭگى بىر خىل تۇرار شاھ ھەم
گاداي ئۆيىدە.

ھەقىقەتنىڭ جەۋھىرى بار
ھەربىر كۆيىدە.
ئەلمىساقتىن بۆگۈنگىچە
يورۇقتۇر يۈزى.
شۇڭلاشقىمۇ بۇ دۇنيانىڭ
بولغان ئەزىزى.

1999 – يىلى 20 – مارت، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## شامال بالا

ئۆيدىن شامالدەك چىقىپ كېتىسەن،
ئۆيگە شامالدەك ئۇچۇپ كىرىسەن.
ئۆيىمىزنىڭ يۇلتۇزى بولۇپ،
كۆكىمىزدە چاقناپ كۈلىسەن.

دالا سېنىڭ، دەريالار سېنىڭ،
ھەممە نەرسىدە بەخت جىلۋىسى.
يوللىرىڭغا سالار پاياندار،
داداڭنىڭ ئىسى، ئاناڭنىڭ ئىسى.

جاھاندا بىرلا خۇش پۇراق گۈلسەن،
يېنىش - يېنىشلاپ قانماي پۇرايمىز.
مېھىر قايىنغان كۆزلىرىمىزدە،
ئاتەش چاقنىتىپ تويماي قارايمىز.

سېنى سۆيگەندە سەگىيدۇ يۈرەك،
قىشتا بېرىسەن ھارارەت چوغدەك.
زېمىنىمىزدە بار بۇرچ تۆيغۇمىز،
ئوينا، بىز كەڭلىك، سەن شوخ شامالدەك.

1999 - يىلى 4 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## ئەجەم

ئاسماننىڭ باغرى كەتتى قارىيىپ،
بىرى ئەجەمنى چىلىۋاتىدۇ.
يۈرەك يېرىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى،
بىرى ئەجەمنى ئاڭلاۋاتىدۇ.

1999 - يىلى 3 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## كونا جاي

ئۇخلىماقتا تۈن قوينىدا تۈن،
سۇدا ئوينار ئىزغىرىن شامال.
ئاي نۇرىنى چۈشمەكتە كۈن،
بىردە جاۋاب، بىردە سوئال.

قىبرى سۆگەت تۈۋى — كونا جاي،
كۆيەر بىر تەن ئاھتىن لاۋۇلداپ.
خىيال قىلار ئۇۋىدا تورغاي،
ئۆيدە يىغلار بىر قىز بۇقۇلداپ.

خەنجەرسىمان سائەتنىڭ تىلى،
سانجىلىدۇ ئاچچىق بىر جانغا.
كۆيۈپ تۇرغان قىزنىڭ جان - دىلى،
يالقۇنلارنى چاچار ئاسمانغا.

چىرمىشىدۇ بۇ جايدا تەشۋىش،
ئەمما ۋىسال تېپىشمايدۇ تەن.
ئۇلار ئۈچۈن ھامان كۆكلەم - قىش،
سۆگەت تۈۋى ھىجرانلىق ۋەتەن.

1999 - يىلى 5 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## بىر كېلىپ، بىر كېتىمىز

چاپار ئۆمۈر ئېتىمىز،
كۆلۈپ ـ يىغلاپ ئۆتىمىز،
بىر مەنزىلگە يېتىمىز،
بىر كېلىپ، بىر كېتىمىز.

گاھ چۆمۈلۈپ نۇسرەتكە،
گاھ يولۇقۇپ قىسمەتكە،
توشۇپ ئەقىل ـ ھېكمەتكە،
بىر كېلىپ، بىر كېتىمىز.

ئەجەل يېتىپ كەلسە گەر،
دېمەس ھەرگىز ياشاۋەر،
شاھ ۋە گاداي باراۋەر،
بىر كېلىپ، بىر كېتىمىز.

يۇلتۇز قالماس ئاسمانسىز،
دۇنيا تۇرماس ئىنسانسىز،
بىز كەتمەسكە ئىمكانسىز،
بىر كېلىپ، بىر كېتىمىز.

1999 ـ يىلى 2 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## قالىدۇ

ئىنسان كېتىدۇ، جاھان قالىدۇ،
ھەممىگە ئوخشاش ھىجران قالىدۇ.
بېشارىتى يوق شادلىق ـ قايغۇنىڭ،
كۆكسىدە تالاي ئارمان قالىدۇ.

باھارغا گەر تەگسە زىمىستان،
چېچەك ۋادىسى بولار قەبرىستان.
ئۆلۈم ـ كۆرۈمنىڭ پۇلسىراتىدا،
ماڭماسقا ئامالسىز ماڭىدۇ ئىنسان.

كۆردۈڭمۇ چايقىلىپ ئاققان دەريانى،
بار سۆزۈك سۈيى ھەمدە قىيانى.
چۈشۈڭدە كۆرگەندە ئويلىما ھەرگىز،
كۈلكىدىن قايغۇسى كۆپ بۇ دۇنيانى.

1999 ـ يىلى 18 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئەھمەد يەسەۋىگە

يۈرىكىڭنى ئېلىپ ھېكمەتتىن،
يۈرىكىمگە تېڭىپىمۇ باقتىم.
ئىشقىڭ ئوتى ئاققان دەرياغا،
ئېرىپ - ئېرىپ تېمىپمۇ باقتىم.
دىل تىلسىمىڭنى ئاچالمىدىم،
بەلكى ئۆزۈمدىن ئاشالمىدىم.

گاھى ئۆيدە يانغان چىراغسەن،
گاھى يۇلتۇزلاردىن يىراقسەن.
كۆك بىلەن يەر ئارىلىقىنى،
ھىجرانلارغا سالغان پىراقسەن.
گاھ ئاسماندا چاقتىم چىقىن،
گاھ زېمىندا بولدۇم ئېقىن.

سېنى ئىزدەپ كەتكەن شاماللار،
مەن تەرەپكە كەلمىدى قايتىپ.
قەيەرلەرگە يولغا سالغانسەن،
سەن ئۇلارنى كۆچەپ - ئۇلغايتىپ.
قاراپ - قاراپ كۆزۈم تالمىدى،
دەردلىرىڭگە ئىچىم قانمىدى.

1999 - يىلى 24 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىر قىزچاق

بىر قىزچاق دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدا،
دالادا بىر تۈپ گۈل ئاچارمىش پورەك.
بىر يۇلتۇز باغرىنى پۇچىلاپ داغدا،
ئاقارمىش زېمىنغا بولۇپ ئوت يۈرەك.

بىر قىزچاق توشقاندا ھۆسن ـ جامالغا،
ئېگىلىپ قالارمىش مەغرۇر تاغ بېشى.
تېگىدىن ئوت كېتىپ دەريا ـ قانالغا،
يېشىدىن پۈتەرمىش سۈزۈك قاشتېشى.

بىر قىزچاق تاپقاندا ۋىسالدىن مۇراد،
ئاسماننى قاپلارمىش قۇشلار پەرۋازى.
سەھەرنىڭ ھۆسنىدە ئەركىلەپ سۇبات،
شامال چىقىرارمىش ئاشىق ئاۋازى.

بىر قىزچاق مۇقەددەس ئانا بولغاندا،
بىر دۇنيا قونارمىش ئۇنىڭ كۆكسىگە.
قەلبىگە سۆيگۈدىن قىيام تولغاندا،
بالا دەپ كىرەرمىش ئاپتاپ تۈسىگە.

ئانلار ئۆمرىنىڭ گۈلى سولغاندا،
مىڭ توپان ئاقارمىش يەرنىڭ تەكتىدە.
روھنى كۆك ئاسمان مېھمان قىلغاندا،
يۈرىكى ئۇچارمىش قۇشنىڭ شەكلىدە.

1999 - يىلى 26 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تەنھالىق I

ئۆزگە يېقىنلاپ باردۇ ئىنسان،
تەنھالىق تونىنى كىيگەن دەملەردە.
ئاشۇ چاغ قەلبىدە ياتار بىر بوستان،
ئىقلىم قۇشلىرىنىڭ بارى شۇ يەردە.

ئۇيقۇنى سۇ بېسىپ كەتكەن تۈن تەڭدە،
يازدۇ ئۆزىگە ئۇتلۇق سالام خەت.
ھەر سۆز چېچەكلىرىدە ھەرپلەر جەڭدە،
ئوقۇشقا ئىمكانسىز تارتار ئەلەم ـ دەرت.

ئادەم كەچمىشىنى ئەسلىگەن چاغدا،
يوقاتقانلىرى تىكىلەر سامانيولىدىن.
يالغۇزلۇق يۈرەكنى قىينىسا داغدا،
شەيتان قۇتۇلار ئوڭاي قولىدىن.

رىۋايەت يىلتىزىدىن رىۋايەت ئۈنەر،
كولاپ ئالغانغا تۈگىمەس تاشتەك.
ھەر رىۋايەت بىر تارىخ سۆزلەر،
جانان كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياشتەك.

1999 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# ياۋا چېچەك

ئېلىپ قاچتى شامال خىلۋەتكە،
گۈلنىڭ پىشقان ئۇرۇقلىرىنى.
ئۇچۇپ كەلدى بىر پارچە باھار،
سەھەر تۆكتى يورۇقلىرىنى.

يامغۇر بىخنىڭ ھىدىنى پۇراپ،
ئاقتى يەرگە سۈزۈك ياش بولۇپ.
گۈلدىن خۇشبۇي ئىشق تارىدى،
ئەتراپ قالدى دەردلىك تولغىنىپ.

شاماللارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ،
يوللار كەلدى تەرەپ ـ تەرەپتىن.
ياۋا چېچەك بەرگەن سادادىن،
ئويغاندى يەر ئىغىر غەپلەتتىن.

بۇ ھاياتنىڭ ھېكمىتى شۇنداق،
بولار بىرى مىڭغا سەۋەبكار.
ئايلان قەلبىم ياۋا چېچەككە،
بۇ دۇنياغا چېچىپ گۈل ـ باھار.

1999 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




# روھ يىلتىزى

(داستان)

قاراقۇرۇم قەدىمي ئۇۋا،
ئەجدادىمىز تۆرەلگەن ماكان.
ئۇ ھەممىگە بولدۇ گۇۋاھ،
باغرىدا كۆپ ئۇپرىماس ئارمان.

ئېقىپ چۈشكەن كۆكسىدىن مېھرى،
بولۇپ توغلا[1] بىلەن سىلىنگا[2].
قات ـ قات تاشلار ياۋلارغا قەھرى،
ئېقىنلىرى ھۆركىرەر گاھ ـ گاھ.

ئىككى ئېقىن بىر جۈپ ئوت يۈرەك،
قان بېغىشلار ئانا تۇپراققا.
ۋادىلاردا ھۆپپىدە چېچەك،
ئېپار چاچار يىراق ـ يىراققا.

ئىككى دەريا سۈيىنى ئىچىپ،
ئالتۇن ئەقىل تاپقان قاراخان.
ئىككى دەريا سۈيىنى كېچىپ،
ئەركەك بولغان باتۇر بۆكۆخان.

① ② ـ دەريا نامىلىرى

ئالتۇن ئوقيا ــ ئىلاھىي ئوقيا،
كۆنچىقىشتىن پېتىشقا ئۇچقان.
ئەل قۇربىنى كۆرسىتىپ گويا،
زەپەرلەرگە زەپەرلەر قوشقان.

قاراقۇرۇم، ئىككى دەريانىڭ،
سۆزلەپ بەرگىن كەچمىشلىرىنى.
سۆزلەپ بەرگىن ئۇچقۇر ئوقيانىڭ،
دەرەخنىڭ نۇر چاچمىشلىرىنى.

1

تارىخ تىلى سۆزلەر رىۋايەت،
ئىبتىقانلىرى ھەممىگە نەخ ـ نەخ.
كۆيلىگىنى بىلسەڭ ناھايەت
بىزگە يىلتىز بولغان بىر دەرەخ.

ئىككى دەريا قوشۇلغان جايدا،
بىر تۈپ دەرەخ ئۆسكەن ئارچىندەك.
سۇ يېپىلىپ ئاققان بۇ سايدا،
تۇرار ئۇچماق بولغان لاچىندەك.

يالغۇزلۇقنىڭ تولا قايغۇسى،
بەزەن ئاشار شادلىق ئۆزىدىن.
ھەممىسىدىن بەلگە قالغۇسى،
شۇندا چۈشمەس تارىخ سۆزىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئىلاھلىقنىڭ بارمۇ بەلگىسى،
ئۇ كۆكتىمۇ ياكى يېنىڭدا؟!
كىم بىلىدۇ قانداق كەلگۈسى،
قايسى قىسمەت ياتار جېنىڭدا؟!

كۈنلەر ئۆتتى خاسىيەت بىلەن،
كۆكتىن چۈشتى ئىلاھىي بىر نۇر.
دەرەخ ئەسلىي قىزمىكىن لەۋەن؟
ۋۇجۇدىدا سۆيگۈدىن ھۇزۇر.

نۇر ياراتتى ھەممە نەرسىنى،
نۇر تاراتتى تومۇرلارغا قان.
نۇر يوقسا يەيدۇ يەر سىنى،
نۇرلانغىنىڭ بولغىنىڭ خاقان.

كۆكتىن چۈشكەن نۇر رەڭگى زەڭگەر،
ئەركەكلىكتىن چاقنار غۇرۇرى.
قىينالغاندەك دەرەخ تۆكتى تەر،
نۇرغا كەتتى پەيزى - پۇزۇرى.

دەرەخ يورۇپ تۇردى كۈندۈزدەك،
كۆپكۆك نۇرلار چېچىپ ھەر يانغا.
ياپراقلىرى گويا يۇلتۇزدەك،
غەلتىلىك يەتتى ئاۋامغا.

ئاقساقاللار بېرىشتى تەبرىر،
قۇت ـ بەختنى قىلىپ بىشارەت.
كەلسە قوۋم بۇ يەرگە ھەربىر،
تەنگە تاراپ كەتتى ھارارەت.

ئاۋاز چىقىپ تۇردى دەرەختىن،
ئىلاھلارنىڭ تىلىدەك گۈزەل.
بۇ سادامۇ چەرخى پەلەكتىن،
كىمگە كۈلپەت، كىملەرگە ئەۋزەل.

كۈن ساندى نۇرمۇ، قوۋممۇ،
دەرەخ زورلاپ ماڭدى بارغانچە.
كۆپكۆك نۇرلار ئۆچمەس بىردەممۇ،
تەپچىرەيدۇ تىنىدىن تامچە.

ئايلار ئۆتۈپ دەرەخ بەئەينى،
ھامىلدار دەك كۆتۈردى قورساق.
ساغرا سىلىپ دەرەخنىڭ كەينى،
ئايال كەبى تۇراتتى ساپساق.

كۈنى توشۇپ، سائىتى توشۇپ،
ئانا دەرەخ يېمەكتە تولغاق.
ياش ـ قېرىلار ھەيران بولۇشۇپ،
كۆزلىرىدە چاقنار ئىشتىياق.

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تولغاق پىشىپ يېرىلدى قورساق،
ئۇندىن چىقتى بەش يۇلتۇز چاقناپ.
نە يۇلتۇزكى بەش بوۋاق ئويغاق،
ئانا كۆكسىن ئېمىپ ۋە ئويناپ.

ئاقساقاللار قولىغا ئېلىپ،
بوۋاقلارنى باستى باغرىغا.
كىندىكىنى شۇ يەردە كېسىپ،
ئېلىپ كەلدى روزغارىغا.

يۈتۈن ئەلنى قاپلىدى شادلىق،
توي باشلىدى گۆش، قىمىز بىلەن.
ئۇسسۇل ئويناپ ياشلار نىقابلىق،
مەرىكىنى قىزىتتى بەلەن.

قىز ــ چوكانلار گۈلدەك ياسىنىپ،
سارغايدىدا قىلىشتى پەرۋاز.
شىر يۈرەكلەر ئاتلارغا مىنىپ،
تاغ ــ جىرادىن ياندۇردى ئاۋاز.

ئىككى دەريا كۆتۈردى چۇقان،
قىرغاقلارغا ئۇرۇلدى دولقۇن.
قاراقۇرۇم تۇغدى بىر خاقان،
ئەمدى ئاڭا كار قىلماس توسقۇن.

ئەل كېڭىشىپ قويۇشتى ئىسمىم،
بەش تېكىنگە تىلىشىپ بەخت.
«ئوخشاش بولسۇن ئىسمىغا جىسمى» —
دەپ «قۇرۇشسۇن ئالتۇندىن تەخت».

يىللار ئۆتۈپ چوڭايدى ئۇلار،
يىگىت بولدى تۇرگۇن - زەبەردەس.
ئۇستىخاندىن ئېبىشتى تۇمار،
يامان كۆزدىن كەلمىسۇن دەپ قەست.

ئىلاھىي كۈچ بار يىگىتلەرگە،
چوقۇنۇشتى ئاۋام ئۇرۇپ باش.
بۆكۈ تېكىن بۇ بۆيۈك ئەلگە،
خاقان بولدى — پارلىدى قۇياش.

2

ئەقلىڭ بولسا ئەگەر ئالتۇندىن،
قىلالايسەن ئالتۇندەك ئىشنى.
ئەل غېمىدە يانغان يالقۇندىن،
تومۇز چاقنار يىغلىتىپ قىشنى.

توققۇزى تەل بولسىمۇ شاھىنىڭ،
سەلتەنىتى سۇرۇلمەس غەمسىز.
تەبىرىنى بىلسەڭ ئىبە، ئاھىنىڭ،
چاغمۇ بولار شاھلارغا تەمسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىت ئادرېسى



بىر تىلەكنىڭ ئۇتىدا كۆيۈپ،
يۇلتۇزلارغا باقار بۆكۈخان.
«سۆيۈلمەن ئۆزگىنى سۆيۈپ» —
دېدى ئاخىر تەندە يايراپ جان.

دالالارغا تىكىلدى چېدىر،
ئۇيۇشتۇردى تارقاق ئۇرۇقنى.
ياۋلار تېنى تىترىدى دىر ـ دىر،
كۆرۈپ تاغدەك قامەت ـ تۇرقنى.

دەريا سۈيى شاۋقۇن سالالماس،
يان ـ يېنىدىن بۆلۈنسە تارقاق.
تۇتقىننى يۇلۇپ ئالالماس،
تەك كۈچمەي جۈپ بىلەك ـ بارماق.

يىغىلسا گەر تارقاق يۇلتۇزلار،
تولۇن ئايدەك بولىدۇ نۇرلۇق.
بىر غولدا كۆپ بولسا يىلتىزلار،
بوران ـ چاپقۇن قىلالماس خورلۇق.

كۈنى پۈتتى بويۇنتاۋلارنىڭ،
قەھر ـ زەھرى بىر يولدا كەلدى.
نۇرى ئۆچۈپ نىجىس ياۋلارنىڭ،
تۇلۇم ـ تۇلۇم بولدى داد ـ دەردى.

تەسكىن تېپىپ كۆڭلى تەڭرىنىڭ،
بىر قىزنى چۈشۈردى يەرگە.
دېدى قىزغا: «باغرى كەڭرىنىڭ
مۇڭدىشى بول ـــ ياندىاش گۆھەرگە.»

تۈن قاراڭغۇ، مۇقەددەس شولا،
بۆكۈخانغا بەردى بېشارەت.
چېدىر ئىچرە بولدى غۇلغۇلا،
خان تېنىدە تاشتى جاسارەت.

نۇر دەستىسى تۇتقان مەلىكە،
ئولتۇراتتى ئۇچار گىلەمدە.
يارالغانكى ئۇ شۇنداق ئەركە،
خىلى چىقماس جىمى ئالەمدە.

بىر مەڭ ئۆسكەن پېشانىسىدە،
قۇتۇپ يۇلتۇز ئەينى چاقنىشى.
تەلەي بالقار نىشانىسىدە،
مىڭ سېھرنى بېرەر بېقىشى.

ئېقىن سۇدەك تارامىلار چېچى،
قېتىپ قالغان دولقۇن كۆكرىكى.
سۇزۇك ئاسمان كۆزىنىڭ ئىچى،
چوغدەك ئىسسىق باغرى ـ يۈرىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



«قىز شادلانسا كۆك تەڭرى كۈلەر»،
غەمگە چۆكسە تاراملاپ يىغلار.
ئاي ـ قۇياشمۇ باغرىم دەپ بىلەر،
دېڭىز ھەم تاغ ئۇنى ئۇلۇغلار.

ئېرىپ كەتتى خاننىڭ ۋۇجۇدى،
قىز باشلىدى ئۇنى قۇتتاغقا.
قۇچاق ئاچتى ۋىسال ۋۇجۇدى،
مۇپتىلادۇر قاراق ـ قاراققا.

يەتتە كۈندەك ئۆتتى يەتتە يىل،
مۆھلەت توشۇپ دېدى قىز شاھقا:
«بۇ دۇنيانى ئىلكىمدە دەپ بىل،
مەغرۇرلانساڭ قالىسەن داغقا.»

خان بۇ سۆزنى نەپەسكە ئوخشاش،
ئايرىمىدى زىنھار ئۆزىدىن.
زەپەر ئەتتى ئۇنى كۆپ باغاش،
شامال ئۇچتى پەرمان ـ سۆزىدىن.

ياخشىلىققا تىكلەندى ئەلەم،
قۇتلۇق ۋەھيى يەتتى ئىقلىمغا.
كۆڭۈل ئالغان ئالدۇ ئالەم،
چاپىمىسمۇ يىراق ـ يېقىنغا.

ئوتتۇز ئالتە دەريا ساھىلى،
بۆشۈك بولغان ئوتتۇز ئورۇققا.
ئىنتىلەتتى خاننى سۆيگىلى،
ئىرىشكەندەك ئايغا ـ يورۇققا.

خان ئۇلارغا ئاچتى كەڭ قۇچاق،
سەلتەنەتنىڭ كېڭەيدى ئۇلى.
ئەلنىڭ قەلبى گۈلدۈر بىر ئوچاق،
يۈكسەكلەرگە بوي تارتتى غولى.

ئۆركەشلىدى ئانا دەريالار،
خالىسلىقتىن بىرىشىپ بەلگە.
چىقتى قەيسەر ـ باتۇر، دانالار،
تۇغ تىكلەندى تۇغۇلغان يەرگە.

3

بۆشۈك بولسا ئورخۇن بويلىرى،
ئانا سايدۇر ئۇنى تەۋرەتكەن.
شۇنداق كىرگەن ئەجداد خۇيلىرى،
تۇلپار بولۇپ دالا دەۋرەتكەن.

ھېچكىم ئاتنى مىنمىگەن چاغدا،
ئاتلىقلار دەپ نام ئالغىنى راست.
ئوردا نېمە بىلمىگەن چاغدا،
بۈيۈك بالىق سالدۇرغىنى راست.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېچى ئادرېسى



تۆت ئەتراپتا مۇستەھكەم قەلئە،
چېدىرلىرى ئاسمان ـ پەلەكتە.
باشقىلارغا بۇ مەڭگۈ پەللە،
ھەسەت ئوتى يانار يۈرەكتە.

بەخت ـ ئامەت ھەممە ئۆيلەرگە،
تۆكۈلەتتى بولۇپ يامغۇردەك.
چالمىغان ساز دۇنيا كۈيلەرگە،
توققۇز ئوغۇز ھەم ئون ئۇيغۇردەك.

ئوردۇبالىق ئەلۋەك بىر شەھەر،
مەپتۇن قىلغان جىمى كارۋاننى.
ئۇلار ئېلىپ كەلگەن شام ـ سەھەر،
مەكتۇپ ـ سالام، ئەزگۈ ئارماننى.

شەھەردە بار ئون ئىككى قوۋۇق،
ئوچۇق تۇرار كۆڭۈلگە ئوخشاش.
شاھتىن يىراق شۇملۇق ۋە قۇۋلۇق،
كەلسە ئېرىپ يانار باغرى تاش.

ھەيران بولۇپ قارار قاراقلار،
چەۋەندازلار كىرىچنى تارتسا.
ئۇچقان ئاتتىن ئۇچقان ساداقلار،
ئالدى ـ كەينى نىشاننى تاپسا.

گۆرزه ـ نەيزه ئۇينسا پالۋان،
تاغدن يانار سادا جاراڭلاپ.
كۆچتۆڭگۆرلەر گويا ئەرغۇنان،
كۆك بۆردەك تۇردۇ هۇۋلاپ.

بەللردە دۋه تاسمسى،
يېپنچدۇر يولۋاس تېرسى.
قلچنڭ چاقنار ئالمسى،
ئەندشدە يېقن ـ نېرسى.

قاباهتى بار شېرن چۆشنڭ،
ئاقماس بر خل قسمەت ئېقنى.
پەيت كەلسە يوقاش ـ ئۆچۆشنڭ،
مۇشت كۆتۆرەر ئاۋۋال قورققنى.

ئۆزۆك ئزدەپ تاپقان بەختتە،
هەققى باردەك قلدۇ هەسەت.
ئولتۇرسام دەپ تەييار تەختتە،
ۋۇجۇدنى چرمايدۇ مەقسەت.

ئۆتتى يللار، ئۆتتى قەرنلەر،
ئۇزاپ كەتتى قەدىمكى زامان.
ئز قوغلشپ كەلدى نەۋرلەر،
بەش يۈز ياشقا كردى بۇ ماكان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قوۋملار بىلەن باردى ـ كەلدىلەر
بولۇپ تۇردى ھەم بولدى ئۇرۇش.
ئوردۇبالىق سايان غەلىبىلەر،
قىلدى قوشنا ـ قولۇمنى تونۇش.

مەرد يىگىتلەر قېنى تۆكۈلدى،
ئانا سايغا، ئورخۇن بويىغا.
روھ يىلتىزى قاندىن كۆكلىدى،
شولا چېچىپ ئەۋلاد خۇيىغا.

قاقاس بولۇپ قالسىمۇ تاغلار،
سوقۇپ تۇردى باھاردىن بوران.
ئۆچمەي يېنىپ تۇردى چىراغلار،
ئالماشسىمۇ نەچچە ئون خاقان.

كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ھەممىدىن ئالىپ،
شۆھرىتىگە ئوشۇق گەپ كەتمەس.
بولالامدۇ مەڭگۈلۈك غالىب،
كېلەچەككە كۆز نۇرى يەتمەس.

چىڭداپ تۇردى خانلىق ئۇلىنى،
چاقىرىلدى ئاۋام ئىجادقا.
ئاچماي تۇرۇپ ئىلىم يولىنى،
ئېرىشمىگەن ھېچكىم نىجاتقا.

پىشىشقلاندى، يۇك ـ تۇت، تېرە،
رەڭگە كىردى پاكىز ئۇستىباش.
ئېكىن ئاچتى، يول ئالدى گىرە،
ئاربىلاشتى گۆش، سۈتكە ئوتياش.

ئەل يۇلقۇندى تېرە چېدىردىن،
چىراغ ياندى تاملىق ئۆيلەردىن.
كۆچۈپ كەلدى جىرا، ئېدىردىن،
پەقەت كېپىك قالدى چۆللەردە.

قىز ـ جۇۋانلار كۈمۈش ـ ئالتۇندىن،
ياراشتۇرۇپ ئېسىشتى چاچلىق.
دىلدا يانغان سۆيگۈ يالقۇندىن،
يىگىتلەردە ئۇرغۇدى ياشلىق.

قاقاقلىدى روھتا كۆك تەڭرى،
ھەر كۈلۈشتە مىڭ ئەزگۈ تۆكۈپ.
بولدى زېمىن بۇ ئەلگە كەڭرى،
ئاي، كۈنگىمۇ قۇت بەردى ئۆپۈپ.

4

تۇغۇلغاندەك ئارزۇلۇق بوۋاق،
بىر مۆجىزە ئورخۇن بويىدا.
ئىلىم ـ پەندىن كۆز ئاچتى بۇلاق،
چېچەن ـ بىلگەر ئەجداد قولىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاغلاردا نام، يۇلتۇزلاردا نام،
ئاي ـ كۈندە نام، سەپراستۇر مۆچەل.
مال ۋاراندا ئەمەس بىر ئەن كەم،
ئۆچتى ئاڭدىن تەخمىنەن ـ مۆلچەر.

بەت ئېچىلدى ئالتۇن ئەقلىدە،
ياۋىلىقنىڭ ئۆچتى سىزىقى.
دىلدا يانغان ئاتەش نەقلىدە،
چاقناپ كۈلدى ئورخۇن يېزىقى.

ئوخشىغاندەك ئەركەك ئۆزۈڭگە،
ھەر ھەرپتە ئۇيغۇرنىڭ سىنى.
ئىشەنمەيسەن قاراپ كۆزۈڭگە،
ھەربىر قۇردا تىغى ـ ۋەتىنى.

ئەڭگۈشتەرلەر ئىچىدىن ئىزدەپ،
تاپالايسەن ئاي، تۇغ، ساداقنى.
تاپالايسەن يۇلتۇزنى يۈزلەپ،
ئات، بۆرىنى، قالقان، ياراغنى.

شۇنداق، ئوخشار ئەينەن ئۆزىگە،
ھەممەيلەننىڭ تۇتقان ـ تەرگىنى.
قۇلاق سالساق تارىخ سۆزىگە،
ئىنىق ـ روشەن نىمە بەرگىنى.

تېرە ـ كۆنگە، تۈز بەت تاشلارغا،
يېزىلماقتا پۈتۈك ـــ دۇردانە.
كەچمىشى كۆپ ئەزىز باشلارغا،
بولۇپ گويا ھەمدەم ـ غەمخانە.

كۆكۈل ساقلاپ كەلگەن ئۆتمۈشلەر،
چاقنىماقتا قەلەم تىلىدا.
قاينىماقتا ئۈمىد، كۈتمىشلەر،
نۇر دەك يورۇپ ئەلنىڭ دىلىدا.

تىكلەنمەكتە تاش ئابىدىلەر،
يېزىق بىلەن ئالتۇندەك چاقناپ.
قىلىنماقتا چوڭ دەبدەبىلەر،
ياخشى ـ يامان ئىلغىنىپ بايقاپ.

يېزىلماقتا لىللا باھالار،
دەۋران سۇرۇپ ئۆتكەن خانلارغا.
ئاڭلانماقتا ئەكس سادالار،
روھ يىلتىزى بىخلاپ قانلارغا.

كەلگىن دوستۇم ئوقۇپ باقايلى،
تاشقا ئويۇپ يازغان تارىخنى.
ئارقىمىزغا يېنىپ ئاقايلى،
ئەكىلەيلى كونا يارلىقنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



چاقىرماقتا بوراندەك ئۇنلەپ،
ھەممىمىزنى بىلگە تۇنيۇقۇق.
ساناق ساناپ جىم تۇرماس كۈنلەپ،
سانىقىدا ئەركىنلىك — ھوقۇق.

خىتابلىرى يالقۇن چاچرىتار،
تىللىرىدا ساۋاقتىن ھېكمەت.
بىركىملەردىن سېنى ئاجرىتار،
يىغلار ساختا باغلىنىش — تۆھمەت.

ئەنە قارا باتۇر كۆلتېكىن،
ئات چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئۇدۇل.
ئۆستىباشتا تىغ ئۆتمەس ئېگىن،
جەڭگە خۇمار جىگەرلىك ئوغۇل.

شاراب ئىچەر كېسىلگەن باشتا،
ئەمما مېھرى خەلقىگە سۇدەك.
قۇتلۇقلىنار ئوتلۇق باغاشتا،
پاكىزلىقى ئەينى ئاق قۇدەك.

بىلگە قاغان بىلسىپ ھەممىنى،
ئۆستۈن تۇرار ھىيلە — نەيرەڭدىن.
زىخلاپ تۇرار ئەلنىڭ سەمىنى،
ئايرىلما دەپ قىلىچ، نەيزەڭدىن.

شەھرىمىزدە مەڭگۈلۈك نۇسرەت،
بەخشەندىدۇر ئەقلى ئويغاققا.
چەكمەي دىسەڭ ئەبەدكە ھەسرەت،
پەر ئايىما يېنىق چىراغقا.

مەڭگۈلۈكنىڭ تېشىمۇ مەڭگۈ،
شۇنداق سۆزلەپ تۇردۇ تىنماي.
بولسا تارىخ شاد ـ كۆتۈرەڭگۈ،
داستان پۈتەر ئۆجۈرىمۇ قالماي.

ئۆچۈرەلمەس شامالىلار يالاپ،
كۆچۈرەلمەس تەھدىت غەلىيانى.
چاپقۇندىمۇ تۇردۇ پارلاپ،
جۇغلىغاچقا روھتىن ھەمرانى.

يېزىق دېگەن ئۇيۇشقان قۇدرەت،
تىل ـ يېزىقتۇر روھتىكى ۋەتەن.
يېزىق كورغا بېرىدۇ نۇسرەت،
يېزىقسىزدا بولماس جان ۋە تەن.

كۆز تەگمىسۇن ئورخۇن بويلىرى،
چەتنەپ كەتمە ئەي ئالتۇن يېزىق.
سەندە بىردەك ئەلنىڭ ئويلىرى،
چاقنار بولۇپ ئۈنچە بىر تىزىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



5

خاقان، تېكىن قالدى تىنىقتىن،
ئەزرائىلغا ئۇچۇق ھەممە ئۆي.
ۋاپا ئاقتى دەريا ـ ئېرىقتىن،
نالە بىلەن تولدى مۇڭ ـ كۆي.

دىلى سۇنغان پەرۋازسىز قۇشلار،
دېدى: «ئەلگە تېزدىن كۆچۈڭلار!
ئەمدى ئوڭغا تارتمايدۇ ئىشلار،
سىزىپ كەتتى قۇدرەت ـ كۈچۈڭلار.»

ئۆلگە كىردى مەسۇم بوۋاقلار،
كۆنپىتىشنى قىلىپ ئىشارەت.
كۆزلىرىدە يۇلتۇز چاراقلار،
بىر ئىستەكتىن بېرىپ بېشارەت.

ئەل كەلمەكتە قانلىق ياش تۆكۈپ،
چىرمىغاندەك قىسمەت زەنجىرى.
غەملىك دىلغا قىساسلار يۆكۈپ،
بىلەنمەكتە قىلىچ ـ خەنجىرى.

ئوردۇبالىق يېتىم مىسالى،
شۇڭغۇماقتا تۇمان ئىچىگە.

شۇم نىيەتنىڭ قىلغان ۋابالى
ئىتتىرمەكتە زۇلمەت كېچىگە.

يول ئازابى — گۆرنىڭ ئازابى،
قالدى چۆلدە تۈمەنلىگەن باش.
غېرىبلارغا ئۆلۈم گىردابى
قەدەمدە بىر ئاچىدۇ باغاش.

جۇدىمەكتە ئورخۇن تۆگىسى
يۇتۇپ، كۆشەپ ئەلدىكى غەمنى.
پىنھان ھامان ئۇنىڭ يىغىسى،
ياشسىز ئالماس بىرمۇ قەدەمنى.

بالىلارنىڭ تىلىدا ئاۋاز،
«كۆچ» سۆزىدىن دېمەس باشقىنى.
ئۇلار كۆڭلى قەيەردە پەرۋاز،
ئالغان كىمدىن سىرلىق ئاچقۇنى؟

چۆچەكتىكى يوللاردەك ئۇزۇن،
تۈگىمەيدۇ ئاسان، ماڭغانغا.
ئات بولساڭمۇ ئارغىماق تۇسۇن،
قانماس چاڭقاق، قورساق يالغانغا.

بىر مۆجىزە: بىر كۈنى سەھەر،
تۆگە ماڭغان يولىدىن توختاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۆز كۆڭلىدە ئالغاندەك شەھەر
كەتتى يەرنى مەززىلىك ھىدلاپ.

باللارنىڭ ئۈنىمۇ جىمىپ،
يورۇپ قالدى كۆڭۈللەر سەل ـ پەل.
بۇلۇتلاردىن تامچىلار تېمىپ،
يۈزنى سىلاپ ئۆتتى ئىللىق يەل.

چاقنىغاندەك بولدى ئۇپۇقتا،
ئەجدادلارنىڭ روھى، سىيماسى.
چېدىر تىكتى چەكسىز ئوچۇقتا،
يەرلىنىشنىڭ بولدى ئىماسى.

يات ئەمەستۇر ئۇلارغا بۇ يەر،
ئەجدادىنىڭ ئانا زېمىنى.
قۇچاق كېرىپ ئوتلىنىپ سۆيەر،
كەلگەچ تەشنا بولغان مېھمىنى.

بىر تەرەپتە بار ئانا ئالتاي،
بىر تەرەپتە سۇلى ھەم ئۇدۇن.
بىر تەرەپتە ئىدىقۇت، كەڭساي،
روھقا يىلتىز بۇرۇندىن ـ بۇرۇن.

قوشۇلغاندەك ئەزىم دەرياغا،
تارماق ئېقىن قوشۇلدى ئەلگە.

يارالغانكى ئۇشبۇ دۇنياغا،
سالار ھجران ـ ۋىسالدىن بەلگە.

يۆلەنمەكتە ئۇلار قولمۇقول،
چاقنماقتا ئاپتاپتەك قەددى.
ئاۋاتلاشتى گۈللەپ ئوك ۋە سول،
ئەمەس بالىق بىر، بەشكە يەتتى.

يۇلتۇز يەنە ياندى جۇغغاردا،
ئالتۇن قوزۇق زامان تىمدا.
روھ يىلتىزى كۆكلەپ باھاردا،
سادا بەردى ئەۋلاد قىنىدا.

* *

يىلتىزى بار دەرەخنىڭ يەردە،
يىلتىزى بار ئىلاھنىڭ كۆكتە.
يىلتىزى بار بالىنىڭ زەھەردە،
يىلتىزى بار مەردنىڭ بىلەكتە.

يىلتىزى بار ئوتتا قۇياشنىڭ،
يىلتىزى بار ئاستىدا تاغنىڭ.
يىلتىزى بار تۆكۈلگەن ياشنىڭ،
يىلتىزى بار يۈرەكتە داغنىڭ.

1999 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سەن كەبى

سەن باھارنى سېغىنغان كەبى،
باھارمۇ ھەم سېغىنسا سېنى.
باغلىرىڭدىن ئۆچۈپ كېتەمتى،
لاۋۇلدىغان چېچەك يالقۇنى.

سەن دەريانى كۈيلىگەن كەبى،
دەريامۇ ھەم كۈيلىسە سېنى.
مەھەللەڭنى يوقلاپ تۇرمامتى،
سادا بىلەن كەپسىز دولقۇنى.

سەن سەھەرگە زارىققان كەبى،
سەھەرمۇ ھەم ئەسلىسە سېنى.
بالدۇر تۇرۇپ كۈننى ئويغىتىپ،
چاچقۇزمامتى نور دەستىسىنى.

سەن دۇنيانى ئەزىزلىگەندەك،
ئەزىزلىسە دۇنيا ھەم سېنى.
تىرىلدۈرۈپ بەرمەمتى قايتا،
ئادەمئاتا، ھاۋائانىنى،

1999 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

## قۇشنىڭ چۇشى

قۇش چۇش كۆردى، چۇشىدە:
ئولتۇردى تەخت ئۈستىدە.

پەرمان بەردى ئادەمگە،
قۇت سەپكىن دەپ ئالەمگە.

قار چېچەكلەپ دان تۇتتى،
زىمىستان قىش قان يۇتتى.

يىلان قاتتى تاش بولۇپ،
يۇلتۇز ئاقتى ياش بولۇپ.

كەلدى قۇشلار يۇرت ـ يۇرتتىن،
قانات تاقاپ بۇلۇتتىن.

دەردلەر كىردى دوزاخقا،
شاد كۆي ئۇچتى ئۇزاققا...

قۇش چۇشىدىن ئويغاندى،
يەنە غەمدىن مۇڭلاندى.

1999 ـ يىلى 18 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كەل

باھار جىلۋە بىلەن كەلدى،
كەچمىشلەرنى دىلغا سالدى،
كاككۇك كەبى سايراپ تۇرۇپ كەل.

يۈرەك دەردلىك يىغلاپ قالدى،
كۆككە قاراپ كۆزۈم تالدى،
ئالتۇن ئايغا ئوخشاش تولۇپ كەل.

تېخى ۋەدە ئۆز پېتىدا،
باغرىم كۆيەر ئوت قېتىدا،
ئوتقا ئوتنى قوشماق بولۇپ كەل.

ئاشىقلىقتىن دەرد بېشىمدا،
يۈلتۇز چاقنار كۆز يېشىمدا،
تاڭ غۇنچىسى كەبى كۈلۈپ كەل.

سەن كەلمىسەڭ ئۆلۈم كېلەر،
جان ئالغۇچى جاننى تىلەر،
نىجاتىڭدىن نۇردەك يورۇپ كەل.

دوستلار يىغلار، دۈشمەن كۈلەر،
ھىجراندىن گۈل ـ چېچەك ئۈنەر،
دەريا كەبى شاۋقۇن سۈرۈپ كەل.

2000 ـ يىلى 1 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## باللىققا قايتقۇم بار

باللىققا قايتقۇم بار،
ئەللەي ئاڭلاپ ياتقۇم بار.
ئانىجاننىڭ كۆزىدىن،
كۆلكە بولۇپ ئاققۇم بار.

باللىققا قايتقۇم بار،
ئوتلۇق قوشاق قاتقۇم بار.
ئانىجاننىڭ باغرىغا،
قۇياش بولۇپ پاتقۇم بار.

باللىققا قايتقۇم بار،
ئاينى كۆنگە ئاتقۇم بار.
ئانىجاننىڭ ئۆمرىنى،
خانتەڭرىگە چاتقۇم بار.

2000 - يىلى 19 - نويابىر، ئۈرۈمچى

## ئىرادە

قىسمەتلەرگە قويىسمۇ ھايات،
ئىرادەمگە غۇرۇرۇم قانات.
ئىستەك پەرۋاز بوشلۇقى ئىزدەر،
گەر بولىسمۇ ئېغىر مۇشكۇلات.

تەن بىرىشكە زورلىما مېنى،
ياكى ئالغىن جاننى بۇ تەندىن.
خاھىشىدىن ئايرىلىش دېگەن،
ئايرىلغانغا ئوخشاش ۋەتەندىن.

ياشاپ ئۆتەي ئۆزلۈكۈم بىلەن،
يولۇم تارتسۇن دىلدەك تۈز سىزىق.
بەلكى ماڭغان ئىزىمدىن بالقار،
يۇلتۇزلاردىن پەقەت بىر تىزىق.

2001 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئاۋازلىق ئوقيا

بىر يۈرەكنى يۈدۈپ ئۇچقان ئوق،
كۆنچىقىشتىن كۈن ئولتۇرۇشقا.
يۇلتۇزلارنى ئۆتەر ئويغىتىپ،
ياۋىلىقنىڭ چۇقانى بىلەن
ئوخشاپ گويا زۇۋاندار قۇشقا.

سۆزلىگىنى غالىب رىۋايەت،
تەڭرىقۇتنىڭ كەچمىشىدىكى.
ئەكس سادا قايتۇرغان تاغنىڭ
قار - مۇزلىرى كۆيەر گۈرۈلدەپ،
باھارلارنى ئېسىگە ئېلىپ
زامانلارنىڭ ئۆتمۈشىدىكى.

ئالتۇن ئۇچلۇق ئاۋازلىق ئوقيا
شاۋقۇن تەملىك جاكارلىرىدا،
نۇرغا ئوخشاش ھەممىگە سىڭەر.
تاغ يېرىلىپ، يەر تەۋرىگەندەك،
دېڭىز تېشىپ، ئاسمان كۆچكەندەك،
لەرزى بىلەن ئالەمنى سىلكەر.

ئۆتۈپ كەتسە تۈز سىزىق سىزىپ
كۈچييدۇ شامال ئارمىنى.
تۇيغۇلارنى تېشىدۇ بەزەن،
سادالارنى قويۇپ كەينىگە،
قۇشلار يەيدۇ پەرۋاز غېمىنى.

پەقەت بىر يۈرەك يۇدۇۋالغىنى،
چەللىگىنى تۈمەن مىڭ يۈرەك.
ئۇ ياراشقان ئۆزلۈكى بىلەن،
قەلبى ئاتەش باتۇرغا كۆزدەك.

2001 ـ يىلى 6 ـ ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





## بىر تۇگمە

بۇ كوچىنى باشقىلارغا بەرمىگىن،
دېرىزەڭنى باشقىلارغا چەكتۈرمە.
مەن كوچىغا يوشۇرۇنغان ئوق،
مەن ئۆيۈمگە سىغمىغان يورۇق،
بول كوچا دېڭىزىدا لەيلىگەن كېمە.

بىرى مەندىن يول سورىغان بولۇپ،
كىرەر ئۆيۈمگە بىر ئاسمان ئېلىپ،
قاردىن لەپ ـ لەپ مۇزىكا چېلىپ.
تۇتتى كوچا ئەينەك مۇز،
قوندى دېرىزىگە مۇز يۇلتۇز،
كىر كوچامغا چاڭغا تېپىلىپ.

باھار مارجانلىرى ياتقان تىزىقىسىز،
شېئىر سىزىلغان تاملارغا يېزىقسىز.
مېنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۆيۈمدە.
قارلىغاچلار بەكمۇ يىراقتا،
كىيىمنى سېلىپ تېلېفون،
يۇيۇندۇ تەرەت سۇيىدە.

بۇ كۈچنى باشقىلارغا بەرمىگىن،
دىرىزەمنى باشقىلارغا چەكتۈرمە.
سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ئۆيۈمدە،
كۆڭلۈمدىن قېچىپ كەلگەن بىر تۈگمە.

2001 - يىلى 9 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئەقىدە

شاماللارغا كەتمەس ئەگىشىپ،
پەسىللەرگە قىلمايدۇ پەرۋا.
يۈرىكىدە ساقلايدۇ بىر ئوت،
دەردلىرىگە كۆتۈرمەس غوۋغا.

كېچىلەرنى ئۆتكۈزەر بىدار،
خىياللىرى ئۇچار سامادا.
ئۆز قەلبىنى ئۆزى تىڭشايدۇ،
مۈشۈك كەبى ياتماس تامادا.

مۈشكۈلگە ئىزدىمەس شېرىك،
ئاسايىشنى دوستلارغا سوۋغا.
قەدەمدە بىر تىكەن دەسسەيدۇ،
بىر ئۆزىلا چىدار بۇ يولغا.

غۇرۇرىنى قىلماس دەپسەندە،
يالتىراقتەك شان - شۆھرەت ئۈچۈن.
رەزىللىككە جان - جەھلىدە ئۆچ،
ناھەقلەردىن ئىچىدە تۈتۈن.

سەن سورىساڭ «نېمە ھەشەم» دەپ،
دەيدۇ: دىلىم ھىجران ۋەسلىدە.
ئۇنى مۇشۇ كويلارغا سالغان،
ئەسلى بىلسەڭ ئالتۇن ئەقدە.

2001 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

كتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## شائىر II

سول قولۇمدا تاماكا،
ئوڭ قولۇمدا قەلەم بار.
ئۇيقۇ يىراق كۆزۈمدىن،
بۈگۈن كېچە ئەلەم بار.
مېنىڭ قەلەم كەينىدىن،
ئويلىغاننى يازماقچى.
مەنىلەرنىڭ ئىچىدە،
ئەس ـ ھوشۇمدىن ئازماقچى.
لاۋۇلدىغان ئاتەشتە،
تاتلىق تىلىم كۆيمەكچى.
قەستىم بولغاچ چېچەكتە،
مەن باھارنى سۆيمەكچى.
شائىر دېگەن ئاشۇنداق،
لەرزىگە لىق ئۆگىلەر.
سىزگە چېچەك سۇنىدۇ،
يۈرەكتىكى زېدىلەر.

2001 ـ يىلى 5 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

## يول بەرگىن

يول بەرگىن يول ئىزدىگەنلەرگە،
سەپىرىگە ئاق يول تىلەپ.
قول بەرگىن پاك مېھرىڭ بىلەن،
يۈكسەكلەرگە كەتسۇن ئۆرلەپ.

كۆكۈلدىن سۇ ئىچسۇن كۆكۈل،
قېنىمىسۇن دىلنى ھەسرەت.
يازنىڭ ئالتۇن ئاپتىپىدەك،
ھەممىمىزگە ياغسۇن ئامەت.

سۆيگۈ بولسا دىلدا ھەردەم،
كۆكسىمىزگە سىغار ئالەم.
چاقنار كۆكۈل ئاسمىنىدا،
يۇلتۇز بولۇپ جىمى ئادەم.

2002 - يىلى 4 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## سورىغىن

يېتىرقىماي سورىغىن دوستۇم،
يۈرىكىمنى بىرەي سۇغۇرۇپ.
شادلىقىمنىڭ جىمىسىنى ئال،
دەردىڭ كەتسۇن كۆكسۈمگە تولۇپ.

ھەتتا بىرەي كۆز قارىچۇقۇمنى
بۇ دۇنيانى كۆر، قىنىپ ياشا.
قەلبىمدىكى دولقۇنلاردا ئۈز،
باغرىم دەريا ساڭا كەڭتاشا.

باھار بولۇپ كىرەي چۈشۈڭگە،
گۈل چەمبىرى تۇرسۇن بوينۇڭدا.
يۇلتۇز بولۇپ ياناي تۈنۈڭگە،
ئاي بالقىسۇن ماڭغان يولۇڭدا.

بىر سىنىلا دىيدىم دۇنيادا،
دوستلۇق مېھرىڭ بولسۇن شاپائەت.
ئۆز قولۇڭدا جېنىمنى ئالغىن،
ئەگەر ماڭا كەلتۈرگۈچە دەرت.

2002 ـ يىلى 9 ـ مارت، ئۈرۈمچى

## شەھەر، قىز، ئەقىدە

سۈرلەنمەكتە گۇگۇمدا شەھەر،
ھاردۇق ئىزدەپ يۈرىدۇ تاكسى.
چىراغلىرى غۇۋا دوقمۇشتا،
چاقنار سۈر رەڭ مۇھەببەت ئەكسى.

شاۋقۇن ـ سۈرەن لەرزىسى ئارا،
خارلىق تىنىپ يۈرەر ئەقىدە.
ئاھ، ئەقىدە سېتىلدى ـ پۈتتى،
بىر ئۈستەللىك تاماق نەرخىدە.

بايان جۈملە كېسىلدى بەلدىن،
«خۇدا ھەققى» دېگەن سۆز بىلەن.
غالجىرلىقتا بېرىلدى يول خەت،
مەي باغلىغان شەھلا كۆز بىلەن.

چاڭقاق باسقان قايرىما كىرپىك،
ئەلەم يېشى بىلەن نەملەشتى.
گۈل بەرگىنى باستى قەھرىتان،
پىشماي تۇرۇپ غورا مەڭلەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانساراينىڭ،
غاپىل تۆشەك سالغان ئۆيىدە.
يارا سۈركەپ ھارغىن كۆلەڭگە،
يۇيۇنماقتا ئۆلۈم سۈيىدە.

يۇلتۇز كۆلگەن قىز نىگاھىنىڭ،
ئەتراپىدا ئۇيىنايدۇ تۇمان.
قانىتى يوق ئۇچۇپ كەتكىلى،
ملڭ تىرىلىپ، ملڭ ئۆلەر ئىمان...

چېچەكلىگەن قاندىن بىر مۇراد،
كۆلكە چايناپ تۇرار ئىزىقتا.
غەپلەت باسقان سودا ھارۋىسى،
ئايلىنىدۇ ئەگرى سىزىقتا.

شەھەر بىلەن يىتكەن ئەقدە،
ئۇخلىمىغان قىزنى جۆيلۈتەر.
دادا قىزى ئۇچۇن تەر تۆكۈپ،
ئەلياتقۇدا بازاردىن كېتەر...

2002 - يىلى 8- ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# ساتار كۆيى

قانات يۇيۇپ ئوتنىڭ سۈيىدە،
چوغ يەپ قانارمىش قەقنۇس يۈركى.
كۆپكۆك مۇزغا باغرىنى يېقىپ،
گۈل ئاچارمىش كۆكلەم تىلىكى.

تىلسىم دەريا ئاقتى كۆكسۈمدە،
بىر بوۋاينىڭ كىرىپ ئۆيىگە.
چىدىمىدىم ـ چىدىيالمىدىم،
يىغلاپ تۇرغان ساتار كۆيىگە.

يۇمۇۋالدىم كۆزۈمنى بىردىن،
دەۋرەپ كەلگەن ياشقا سىپ تۇغان.
ئېرىپ كەتتى تومۇر ـ تومۇرۇم،
ئاھ، دېسەم كۆك تۇغدى مىڭ پىغان.

تەشنا بولدۇم زەھەر لەۋلەرگە،
بەلكى ئۇندا بار شېرىن ۋىسال.
روھنىڭ بۇنداق مۇرۇۋۋىتىگە،
ئىنسان قانداق قويمىسۇن سوئال.

2002 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇرتىدە

قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇرتىدە،
ئوت كەتكەن يەر بار،
ئوتنىڭ ئىچىدە يالغۇز بىر ئۆي بار،
ئۆينىڭ ئىچىدە پەقەت مەنلا بار،
ئوت كۆيۈپ قاقلىنار مېنىڭ تەپتىمگە.
ئۆينىڭ ئالدىدا چەكسىز دېڭىز بار،
دېڭىز ئۈستىدە قولۋاقلىق قىز بار،
مەن قاقلىنىمەن قىزنىڭ دەردىگە.
قىز سۆزلەيدۇ تىنماي ھېكايە،
شەھرىزادنى بوغۇپ قەرزگە.

قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۇرتىدە،
قۇش ئارىلى بار،
ئۇ يەردە قۇش جەمەتى بىللە ياشايدۇ،
ئۇلارنىڭ تىنىقىدىن باھار يۇرايدۇ.
يالغان سايراپ، يالغان ئۇچمايدۇ،
تالاشمايدۇ ئۇۋا ھېچقاچان.
تەك تالاشتا تەرگەن - تاپقىنى،
ئۇلاردا يوق تۆۋەن - يۈكسەكلىك،
ئۇلاردا بار ساپ غۇرۇر - ۋىجدان.

ئۇلار بىلمەس ئۈركۈپ قېچىشنى،
ئۇلار بىلەر ئەركىن ياشاشنى،
ئۇلار بىلمەس رىزىق قىيىشنى،
ئۇلار بىلەر قەلب دېرىزىسىنى ئېچىشنى ...

قەلبىمنىڭ يەنە بىر يۈزىدە،
سەن بىلمەيدىغان تالاي جايلار بار.

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئانا ۋە مەسۇمە

بىر مەسۇمە بىمەھەل،
قايتىش بولدى دۇنيادىن.
خۇددى بۆركۈت چۈجىسى
غۇلىغاندەك قىيادىن.

ئانا پەرياد كۆتۈرۈپ،
ھۇۋلار كۈندە پىغاندا.
بۇندىن ئارتۇق دەرد بولماس،
ئۇنىڭ ئۈچۈن جاھاندا.

بۇ دۇنيانىڭ ھازىسى،
قوندى ئۇنىڭ بېشىغا.
«سايدا تۈگمەن چۆرگىلەر،
كۆزدىن ئاققان يېشىغا.»

ۋاقىت توختاپ قالدۇ،
ھەسرەت تارتقان تىنىقتا.
چىقىپ كەتكەن يۈرىكى،
ئىزدەر قىزنى چىملىقتا.

قالدى يىرىم يولىدا،
مەسۇمەنىڭ گۈل ئىزى.
كەممىكىن يا جەننەتنىڭ،
ئاسمىنىدا يۇلتۇزى.

2002 - يىلى 4 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# باھار مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ

سېنى ئىزلەپ كەتكەن شۇ تۇمان،
پايلىدىمۇ سېنى كۈن ـ تۈنلەپ.
بىر كۈنۈمدە ئۆتەر ئۈچ زامان،
مەن ياشىدىم كاككۇكتەك ئۈنلەپ.

قار قوينىغا كىردىم ئۈلۈشكۈن،
ئۇ دەرد تۆكتى كۆيۈپ ـ چوغلىنىپ.
كۈيلىرىمدە ياشاردى چۈشكۈن،
سەن يۈردۈڭمۇ سۇدەك تولغىنىپ.

ساڭا يەتمەي شەپە ـ ئىمايىم،
كىمدۇر بىرى قىلدى تەبەسسۇم.
سېنى سۆيۈش بولسا گۇناھىم،
مەن دوزاخنىڭ خاقانى چوقۇم.

باھار مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟
ئۇنتۇپ قېلىش زۆرۈر پېتىدا.
گۈللىرىڭنى پۇراپ باقتىڭمۇ؟
نېمە يىغلار ئۇنىڭ قېتىدا.

2002 ـ يىلى 21 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

## سەن بولمىساڭ

سەن بولمساڭ بەلكى بۇ ئاخشام،
ئايلىنىدۇ ياشقا يۇلتۇزلار.
دەردى ھىجران يۈكىنى يۈدۈپ،
ئاشىق سالار بارخانغا ئىزلار.

سەن بولمساڭ قۇياش پارلىماي،
مەھەللىمىز قالار سەھەرسىز.
ئورماندا قۇش، دەريادا سۇلار،
ئۇخلار، مەندىن بولۇپ خەۋەرسىز.

سەن بولمساڭ جىمى مەۋجۇدات،
ھەتتا چىقىپ كېتەر قىنىدىن.
سەن بولمساڭ ئاشىقلىك سەرسان،
زېرىكىدۇ ئەزىز جېنىدىن.

سەن بولمساڭ كۆڭلۈم كۆكىدە،
ھۆۋلاپ تۇرار تىنماي زىمىستان.
سەن بولمىغان كۈنلەر بولمىسۇن،
جانىغا ئوخشاش بىللە بول جانان.

2002 ـ يىلى 6 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



## تاش يىلتىزى

تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن دەرەخنىڭ،
مېھرى سۇدەك ئاقار كۆكسىدە.
يىللار ھالقىسى — ئېرا پۈتۈكى،
بۈگۈنگە سوقۇلۇپ بولماقتا زېدە.

تاش ئورمانىنىڭ تاش يىلتىزىدا،
ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ كۆكەرگەن بىخى.
يەرگە يېقىنلاپ كەلسىمۇ ئاسمان،
تاش تىلسىمغا باقمىدى تېخى.

مۇھەببەت قاتۇرغان قۇشلار توپىدا،
بىر قۇش بار پەقەتلا تىلى قاتمىغان.
ئارماندا تىلەك تىلەپ سايرىسا ئەگەر،
دەرەخ دەر بۇنداق ئۇن ئاڭلاپ باقمىغان.

باھار تاشقا ئايلىنىپ كەلگەن ئاخشىمى،
ئۆزگىرەر سۆپسۈزۈك ياشقا ياۋۇلىق.
تاش يېرىپ كۆكرەر زامان چېچىكى،
دۇنيا قەلبى بولار ئەبەدىي ئىللىق.

2003 – يىلى 1 – ماي، ئۈرۈمچى

## ئاشىق نەي چالار ئاتەش نەپەستە

1

ئۇخلىغاندۇ بەلكى بۇ ئاخشام،
گۈل قېتىدا بىر جۈپ كېپىنەك.
تۇتاشماقتا ئوتقا ئايلىنىپ،
ئوت قېتىدا بىر جۈپ ئوت يۈرەك.

قوشۇلماقتا دۇنياغا دۇنيا،
تۆكۈلمەكتە سىرلار سەۋرسىز.
ھېچنېمە يوق مېھردىن ئۇلۇغ،
باھار بولماس بەلكى سەرۋسىز.

ئىشكنى چەكتىم جەننەتنىڭ،
قۇچاق ئاچتى ماڭا گۈل نەپەس.
روھنى پاكلاپ چۈشۈمنى تاپتىم،
ئەمدى بۇ چۈش كۆرۈپ تۈگمەس.

چۆچەكتىكى ئاچماق يولنىڭ،
قالدى يىراق بارسا كەلمىسى.
ئەقدەمدە ئالتۇن چايقىدىم،
تىللا چېچەك ئاچار كەلگۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كۆكلەم ياتار مەنزىلگاھىدا،
قاباھەتتىن ئۇركۈگەن قۇشنىڭ.
بۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس گۇناھى،
روھى بولغان سۆزدە بىھوشنىڭ.

ئۇچرىششنىڭ ئوتى قېتىدا،
سەمەندەردەك يارالدىم قايتا.
بىر باھارنىڭ تومۇرلىرىغا،
زىيا بولۇپ تارالدىم قايتا.

ئۇچرىشىشتىن كۆلەر مۇرۇۋۋەت،
ئۇچرىششتا ھۆرلۈك سىماسى.
ئايلىنىدۇ ئالتۇن ۋادىغا،
ئۇچرىششتا سۆيگۈ دۇنياسى.

2

ئاتەشگىدە سۇدەك ئېرىدىم،
كۆۋەجىدىم ئېرىقتا پىنھان.
شەبنەم بولۇپ تامچىغىن ماڭا،
كېتەي سۆيگۈ ئارىلى تامان.

ئۇ يەرلەردە سۆيگۈ ئىلاھى،
بىزنى ئالار ئۇتلۇق باغاشقا.
تىنىقلاردىن ھۆرلۈك بالقىدۇ،
گۈل ئۈنىدۇ قاپقارا تاشقا.

گۆزەل خانىش بولسەن ئەركەم،
ياسىنسەن شەپەقتىن چوغدەك.
ساداقەتىنىڭ مەبۇدى بولۇپ،
لەپىلدەيسەن ئۇپۇقتا تۇغدەك.

لەۋلىرىڭدىن يۇلتۇز تۆكۈلۈپ،
ئاي تولۇنلار ھاياجىنىڭدىن.
ھاۋائانا قايتا تىرىلەر،
ئۆركەش ياساپ ئاققان قېنىڭدىن.

ئۇ يەرلەردە سېنىڭ بىلەن مەن،
ئەسلىمىزنى تاپىمىز قايتا.
قوشۇلغاندەك ئېقىنغا ئېقىن،
ۋەسلىمىزنى تاپىمىز قايتا.

3

تىنىقىڭدا گۈلنىڭ ھىدى بار،
قۇچىقىڭدا مىڭ گۈلگۈن باھار.
باغاشلىغان روھىڭنى دۇنيا،
بىر بېقىشىڭ مىڭ يۇلتۇز تۇغار.

سىنى سۆيسەم ھېسلىرىم ئاتلىق،
تىلىڭ تۆكەر گۆھەر ـ دۇردانە.
ساڭا كۆيۈش نېسىپ بولۇپتۇ،
چولپان بولۇپ چاقناي يىگانە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قىلىقىڭغا لال بولسۇن يۈرەك،
سالام بەرسۇن كۆكلەم ۋادىسى.
يىمىرىلسۇن «ئايرىلىش» دېگەن،
بۇ ئاشىقنىڭ قەسەم، ۋەدىسى.

4

سەن يىغلىساڭ دۇنيا يىغلايدۇ،
ئەگەر كۈلسەڭ جاھان چوغلىنار.
زىمىستاننى قوغلار نەپىسىڭ،
باغرىڭدا بار مەڭگۈلۈك باھار.

قاشتېشىنى چايقىغان دەريا،
ئۆتكەن ئېقىپ ئىشىك ئالدىڭدىن.
ئاكا جورداش ئېيتقان ناخشىلار،
كەتمىگەندۇ تېخى يادىڭدىن.

ناخشا بولۇپ يارالغان ئۆزۈڭ،
ئەمما مەندىن ئۆزگە ئېيتمىسۇن.
بەخت كۈلسۇن ھەممە دىللاردا،
دەردتە ھېچكىم مۇڭ يىغلىمىسۇن.

5

سەھەر بولۇپ كۆك ئاسمان يايسام،
قۇياش بولۇپ نۇر چاچارسەنمۇ؟
دەريا بولسام، قىنىڭغا پاتماي،
قاينام ياساپ بىر تاشارسەنمۇ؟

بولسام ئەگەر دەشت ـ باياۋان،
شامال بولۇپ ئەركىلەرسەنمۇ؟
يوشۇرۇنسام بۇلۇت كۆكسىگە،
قانات ئۇرۇپ پەپىلەرسەنمۇ؟

چېچەك بولسام باغدا بىر تاللا،
ئىزدەپ تېپىپ ئەپكېتەرسەنمۇ؟
تەشنىلىكتە شۇئان كۆچۈرۈپ،
دىرىزەڭگە ئېپ قويارسەنمۇ؟

دەرۋىش بولۇپ چالسام ساپايى،
ھىجرانىمغا چىدالارسەنمۇ؟
ئوتنى بىرىپ، ئوتۇڭنى ئالسام
تولغانماستىن ئۇخلالارسەنمۇ؟

سىر قاتمىسۇن باغرىڭدا داغدەك،
ھەممىسىنى قىلغىن ئاشكارە.
بولسىمۇ گەر قامىتىڭ تاغدەك،
دەرد يۈرەكنى قىلدۇ پارە.

6

ئالتۇن چايقىغان سۇغا سالساڭمۇ،
بىلىق بىلىقدانىنى دىڭىز دىمەيدۇ.
زۇمرەت تاۋاقتا ئاش بەرسەڭ ئۈچ ۋاق،
كۆڭلى تارتمىغان زىنھار يىمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەرمەر تۈۋرۈكلۈك ئايۋان سارايغا،
ئاشىق داق يەردە يېتىپ بىنەزەر.
ئۆزى سۆيۈنگەن قۇش تىلى ئەتىۋار،
يېنىدا تۇغىسمۇ سەمەندەر گۆھەر.

زەرباب تۆشەكتە، ماموق ياستۇقتا،
جىسمى ياتقاننىڭ روھى ئۇخلىماس.
ئاشىق نەي چالار ئاتەش نەپەستە،
تاڭ سۈزۈلگىچە ئۈنى توختىماس.

نەقەدەر شېرىن چۈشىدە سۆيۈش،
دېگىزنى بىلىق، ئاشىقنى مەشۇق.
ھاياتنىڭ شۇندا بولۇر مەنىسى،
تۈننىڭ باغرىدىن ئىزدىسە يورۇق.

سۈكۈناتلىق تۈن — غەپلەت پەسلىدە،
بىلىق بىلىقدانىدا غەمكىن مۈگدىنار.
پىرئەۋنىنىڭكىدەك ئالتۇن قەسرىدە،
ئۈنسىز ياش تۆكۈپ بىر قىز تولغىنار.

2003 ـ يىلى 8 ـ ماي، ئۈرۈمچى

## سىڭىلىڭ كوچاڭدا

ساڭا شېئىر يېزىپ بۇ كېچە،
ئازابىمنىڭ يېتەي چېكىگە.
ئىشەنمىسەڭ سۆيۈلۈشۈڭگە،
باشلاپ كىرەي دەردىنىڭ ئىچىگە.

سەن بىلەمسەن بولدى نە زامان،
مەن يۈرگىلى سىڭىلىڭ كوچاڭدا.
ئىشەنمىسەڭ ئەگەر سۆزۈمگە،
كاككۇك كەبى ئۈنلەي ھەر تاڭدا.

يېڭى پەللە ھەربىر يېڭى يىل،
جىلۋىمىزنى ئالدۇ يىللار.
ياشلىق تەمى بىلەن قالدۇ،
ئەقدىدە قوشۇلسا دىللار.

چاڭ قونمىسا قەلب قەسرىڭگە،
يولى نۇرلۇق ئەبەدىيلىكنىڭ.
بۇ دۇنيادا قەدرى قانچىلىك،
مۇھەببەتسىز ئادىمىيلىكنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىلىكىم شۇ خاتىرجەم بولغىن،
يۇلتۇز كۈلۈپ تۇرغان ئاسماندەك.
سېنىڭ ئۈچۈن ياشىنىسۇن، كۈلسۇن،
كۆڭلۈم گويا يېشىل بوستاندەك.

2003 - يىلى 12 - ماي، ئۈرۈمچى



## قىسمىتىم

تەۋرىدىمۇ ھېسلىرىڭ،
مەن خىيالغا چۆككەندە.
شامال بولۇپ مۇھەببەت،
سېنى يەلپۈپ ئۆتكەندە.

توشۇپ كەتتى چۆشخانەم،
سېنىڭ ئوتلۇق كۆزۈڭدە.
بولدى ئىشق غوۋغايىم،
ئاشىقلارغا ئۆزۈڭدە.

باشلاپ كىردىڭ قەلبىمگە،
بىر يېپيېڭى دۇنيانى.
سولاپ قويدۇڭ قەپەسكە،
مەندەك بۇلبۇلگويانى.

كۆندە قوندى نەچچە رەت،
دېرىزەڭگە ھەسرىتىم.
بۇ جاھاندا شۇمدى،
تارتىدىغان قىسمىتىم؟!

2003 - يىلى 4 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تۇرپان

تۇنجى كۆنى قەدىم زامانىنىڭ،
يازلىق ھۇجرا سالغان تۇرپانغا.
يۇلتۇز پەسكە چۈشۈۋالدۇ،
قېنىپ قالغاندەك ئاسمانغا.

تاللار تىللا ئاسار شۇڭلارغا،
ئاپتاپ شەيدا يېشىل يۈرەككە.
ھارارەتتىن مەست بولغان شامال،
قانات قېقىپ قونار تىلەككە.

قىلىقلىنىپ كارىز باغرىدا،
ئىدىقۇتنىڭ ئاقار غۇرۇرى.
بېزەكلىكنىڭ توپا تاملىرى،
قىسسە ئېيتار ئالتۇندۇر قۇرى.

توپىدىن تۆرىلىپ توپىغا يانغان،
ئاستانىنىڭ قۇچىقىدا چوغ.
بۆشۈكتە بىزار ياتقان بوۋاقتەك،
خىيالى گادىرماچ، نەپسى ئۇلۇغ.

روھ تەرمەكتىمەن كونا يوللاردىن،
ئاقارغان سۆڭەكلەر كۆزۈمگە باقار.
يالىڭاچلىنىپ قالغان يىلتىزدا،
تۇلپار تىۋىشىدەك يۈرەكلەر سوقار.

2003 ـ يىلى 14 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى



كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئۇ چاغلاردا

ئۇ چاغلاردا بىز بالا ئىدۇق،
مەھەللىمىز ئىدى بىر دۇنيا.
ئاي يۈيۈنغان، يۇلتۇز ئوينىغان،
ئېرىقىمىز ئىدى چوڭ «دەريا».

ئېيتىپ بەرسە مومايلار چۆچەك،
بەدىلىگە قوناق ئۇۋايتتۇق.
بولسا كىمنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ،
تۆگىلۈك، روجەكلەردىن مارايتتۇق.

سۈتتەك ئاپپاق ئايدىڭ ئاخشىمى،
ئويۇن ئويناپ چۇقان سالاتتۇق.
باھار كەلسە كاككۇكنى ئىزدەپ،
شاخ ـ شاخلارغا قونۇۋالاتتۇق.

ئۇ چاغلاردا بوۋاي ـ مومايلار،
ئۇيقۇسىدا بىزنى چۆشەيتتى.
ئېغىلدىكى ئات، كالا، قويلار،
بىزنى دوراپ كۆشەپ، كىشنەيتتى.

كارۋان تۈزۈپ كېتەتتۇق سايغا،
ئوت ئەپكىلىش باھانە ئىدى.
جەرەندەك شوخ، ئەركىن ئوينىغان،
ھەر ئويۇن بىر دۇردانە ئىدى.

ئېدىرلىقنىڭ غۇر ـ غۇر شاملى،
لال بولاتتى نەپسىمىزگە.
ئۇ چاغدا ھەي، بىز كىملەر ئىدۇق،
كىملەر ھەۋەس قىلمايتتى بىزگە؟!

مەھەللىدە پىشسا ئۇجمىلەر،
چوكۇلار يەيتتى بىزدىن ئاشقانىنى.
بىز شاخلارنىڭ ئۇچىدا ئىدۇق،
يالغۇراتتى ئۇلار يېيىشىپ،
شالدىرشاپنى ياكى داستىخاننى.

بالدۇر پىشقان ئۆرۈك شېخىنى،
بىز يىراتتۇق ھەممىدىن بۇرۇن.
بوۋايلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ،
ئېپقاچاتتۇق پىششىق ـ تۇك قوغۇن.

كۆپكۆك مۇزنى شۇمەتتۇق قەنتتەك،
قار دۆۋىلەپ ياسايتتۇق «ساراي».
قەھرىتاندا مەيدىنى كېرىپ،
دەيتتۇق: «بىز كىم؟ ئاكاڭ قارىغاي!»

www.uyghurkitap.com



ئۇ چاغلاردا بىزلەر تەك ئىدۇق،
ئوخشاش ئىدى يېگەن نېنىمىز.
قوشۇلاتتى جانغا جېنىمىز،
دىلدىن ـ دىلغا ئېقىپ مېھرىمىز.

ئۇ چاغلاردا بىز سەبىي ئىدۇق،
كەچمىشىمىز ئىدى ھەم سىرلىق.
بالىلىقتىن تاتلىق ئەسلىمە،
بىزگە ھەمراھ بولار ئۆمۈرلۈك.

2003 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست، كەلپىن



## دەرد

بىر سىنىپتا بەش يىل ئوقۇدۇق،
دىلدا پەرۋىش ئاق نىيەت بولدى.
سەن قاچانكى ئاي بولۇپ تولدۇڭ،
شۇندىن بىرى ماڭا دەرد بولدى.

ئاسمىنىڭغا قولۇمنى سوزدۇم،
بىر شامالدا تىلەك رەت بولدى.
يېتىم قۇشقا ئايلىنىپ قالدىم،
مەن ناتىۋان ئۈچۈن سەت بولدى.

تويۇڭ بولغان ئاشۇ ئاخشىمى،
بىزنىڭ ئۆيگە تاغدىن مۇز كۆچتى.
ئۇچۇپ كەتتىڭ باشقا ئاسمانغا،
ئۇيۇقۇمنىڭ يۇلتۇزى ئۆچتى.

بىر سىنىپتا بەش يىل ئوقۇدۇق،
بىز توغرۇلۇق تالاي گەپ بولدى.
تەنھالىقتا تارتقان دەردىمنى،
بەلكى شامال ساڭا دەپ بولدى.

2003 - يىلى 16 - ئاۋغۇست، كەلپىن

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئۇلۇغ بىر تىنىپ

قىردا يالپۇز پۇراق چاچقاندا،
كاككۇك ئۈنى تولۇپ تاشقاندا،
مەھەللىنى قۇشقاچ باسقاندا،
مېنى ئۇنتۇماي ئىسسىگە ئېلىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

سۆتتەك ئايدىڭ بارات ئاخشىمى،
ئېيتىپ بىزگە ياد ناخشىنى،
ئايرىغاندا يامان ـ ياخشىنى
بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كېلىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

دوستلىرىڭنىڭ تويىنى ئويناپ،
قايتقان چاغدا ئۆستەڭنى بويلاپ،
ئاداشقاندا قىزلارنى ئويلاپ،
خىجىل بولماي ھوشۇڭنى يىغىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

ئۇچراپ قالسا يولۇڭدا ئاتام،
سالام بەرسە مېھرىبان ئانام،
قىلىپ تولۇق سالامنى تامام،
مېنىڭ ئورنۇمدا مېھرىڭنى بېرىپ،
قويغىن جېنىم ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

2003 - يىلى 28 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مەشئەل

بىر ئەل ئاتىسى ـــ خاقان
چۈشۈپ رەقىب دامىغا.
قاپسىلىپتۇ جىرادا ـــ
ماگالماپتۇ ئالدىغا.
بۇ ئايسىز كېچە ئىكەن،
جان ھەلقۇمغا يېتىپتۇ.
ھايات ـ ماتەم پەيتىدە،
خاقان بېشى قېتىپتۇ.
بۇ چاغ سىنچى ئاقساقال،
ئەتراپقا زەن سېلىپتۇ.
يان تەرەپتە بىر ئۆگكۈر
بارلىقنى بىلىپتۇ.
شۇندا خاقان ـــ شىر يۈرەك،
ئوت يېقىپتۇ قولىغا.
مەشئەل قىلىپ كۆتۈرۈپ،
راۋان بوپتۇ يولىغا.
قارا ئۆگكۈر ئىچىدىن،
ئامان ـ ئېسەن چىقىپتۇ.

بۇ خسلەتنى ئەل سۆزلەپ،
ھەر تەرەپكە چېچىپتۇ ...
چۇشىنىكسىز يېرى يوق،
بۇ بىر ئاددىي رىۋايەت.
ئويلاپ باقساق ئىچكىرىلەپ،
مەنە بار قەۋەت ـ قەۋەت.

2003 ـ يىلى 4 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى





## ئۆتكەن كۈنلەر

ئۆتۈپ كەتتى ئەسكەن شاماللار،
ئارقىسىغا ئاقمىدى دەريا.
دەرەخلەردە يىلدىن ھالقىلار،
يۈلتۈز بىلەن تەڭ ئۆچتى زىيا.

يىل بويىندا كەچمىشتىن تىزىق،
ھەر تىزىقتا تۈمەن قىسسەلەر.
بوۋايلارنىڭ چېھرىدە سىزىق،
ھەر سىزىقتا مىڭبىر غۇسسەلەر.

ئۆتكەن كۈنلەر ئەمەس گۇناھكار،
باقتى بىزگە تەبەسسۇم بىلەن.
ئۇ دۇنياغا تەڭلىدى باھار،
ھەر مىنۇتقا جەملەنگەچ بەلەن.

بىخۇدلۇقنىڭ شېرىن دەملىرى،
جاملىرىغا مەي قۇيدى پەۋەس.
كۆڭۈللەرنىڭ بولدى غەملىرى،
ئالۋۇنلارغا ئېچىرقاش ھەۋەس.

2004 ـ يىلى 2 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

## سۇپرا ۋە ئاي

ـــ ئانامغا

سەن ئەسلدە تولۇن ئاي ئىدىڭ،
قاچان كىلىپ قوندۇڭ سۇپرىغا؟
شۇنداق بولۇپ تەقدىر ـ قىسمىتىڭ،
ۋارىس بولدۇڭ كىمنىڭ روھىغا؟

ئەمدى ئۆرنەك قىلار كىملەرنى،
ساڭا بىقىپ ئېچىلغان گۈللەر.
يىغلاپ ـ يىغلاپ ئۆتۈپ كىتەرمۇ؟
مەھەللىنىڭ ئۈستىدىن تۈنلەر.

كۈندە نەچچە قازان قايناتتىڭ،
يۈرىكىڭنى سىلىپ ئوچاققا.
باللارنى ھىدلاپ، پۈرىدىك،
گۈلدەستىدەك ئېلىپ قۇچاققا.

سۇندى ئۇپراپ بۆشۈك دەستىسى،
سەن ئۇخلاتتىڭ كۆكتىكى ئاينى.
چاقىرغاندا تاختا ـ نوغۇچۇڭ
ھەم ئويغاتتىڭ قىردىن تورغاينى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى





تۆشۈك بىلەن بۆشۈك ئارىسى،
بولدى بالقىش ھەم يېتىش نۇقتاڭ.
چاچلىرىڭنى يالماپ يېدى ئوت،
ساڭا ئوتمۇ شەيدامىكىن تاڭ!

مېھرىڭ سىڭگەچ تونۇر باغرىغا،
نانمۇ پىشتى يۈزۈڭگە ئوخشاش.
ھەممىسىگە ھەقدا بولغاچقا،
كۆكتە ئۇلۇغ تىندى ئاي، قۇياش.

تۇز بىلەنلا يۇرگەچكە ئۆزۈڭ،
ئۇلۇغ بولۇپ قالدىڭغۇ تۇزدەك.
چاقناپ تۇرار ماڭلاي تەرلىرىڭ،
كۆكتە يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزدەك.

مۇشەققەتنىڭ كۆكسىنى يېرىپ،
تېرىپ بەردىڭ بىزگە بەرىكەت.
بالا ئۆچۈن ئانا بۇرچىدا،
بارمۇ شۇنداق تاغدىن ئېغىر دەرت؟

ئۆزۈڭ يېزىپ، ئۆزۈڭ سۆزلىگەن،
«ئېچىل داستىخان» چۆچەكلىرىنى.
يىلتىز بولۇپ يەر بېغىرلىدىڭ،
بىزگە سۇنۇپ چېچەكلىرىڭنى.

تۆشۈكۈڭگە يۈكۈنمەي تۇرۇپ،
يورۇمدى لەززەت دۇنياسى.
باغدا چېچەك ئاچقان مېۋىنىڭ،
تەملىرىدە سۇپراڭ قىياسى.

سەن ئەسلىدە تولۇن ئاي ئىدىڭ،
سۇپرا سېنى ئەگدى ھىلالدەك.
يۈرىكىمنى كۆكسۈڭگە ئاساي،
شەرىپىڭگە ئالتۇن مېدالدەك.

2004 - يىلى 8 - مارت، ئۈرۈمچى



كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئەقىدەم

كۆن بالقىغان، يۇلتۇز مۆككەن، چولپان پارلىغان،
كۆزلىرىڭگە چۆكۈۋاپتۇ مېنىڭ ئەقىدەم.
گۈل ئېچىلغان، شەبنەم قونغان، ياشلىق چاقنىغان،
لەۋلىرىڭگە قونۇۋاپتۇ مېنىڭ نېسىۋەم.

قاشتېشىنى ساقا قىلىپ ئەركىن ئوينىغان،
باللىققا يېنىپ باققىن ئەي مېنىڭ ئەركەم.
بەخت ئىزدەپ يۇلتۇزلارغا قاراپ تويمىغان
چاغلىرىمدا ئارمانىمغا بولغانمۇ دەرقەم.

قەيەرلەرگە ئېلىپ كەتتىڭ كۆزلىرىڭ بىلەن،
مەھەللەڭنىڭ ئايدىڭىدا تاۋلانماقتىمەن.
دەريا ـ دەريا ئېقىپ كەتتىم سۆزلىرىڭ بىلەن،
ئانىلارنىڭ چۆچىكىگە ئايلانماقتىمەن.

باشلىنىدۇ شۇنداق قايتا تۇغۇلۇش دېگەن،
مەن بوز يىگىت، سەن تاڭدىكى پەرىزات بولۇپ.
ئەسلى ئاناڭ سېزىكىدە يالقۇن چوغ يېگەن
شۇڭا ئوتتۇڭ كەتتى مەندە ھەردەم ئۇلغىيىپ.

2004 ـ يىلى 6 ـ ماي، ئۈرۈمچى

## قىزىل ئالما

قىزىل ئالما يارالغانمىكىن
رىۋايەتنىڭ يىلتىزىدىن،
رەڭ بەرگىلى ئانام ئېيتقان قىسسەگە.
ئۇ شېخىدا پىشسا قىزىرىپ
سەھەر، شولا، شامال، شەپەق
كەتمەس ھىدلاپ ئۇنىڭ قېشىدىن،
نېمە يېتەر ئۇنىڭ سېھرىگە.
ئۇ پىشۇرسا قىزلار دىلىنى،
يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ،
ئوي ئويلايدۇ چېكىگە يەتمەس.
ئۇ چېكىدۇ قىز دېرىزىسىنى.
يىگىتلەرگە بولۇپ يول خېتى،
سەپىرىنى ھەرگىز تۈگەتمەس.
ئۇ دەريادا ئەمەس
دىلدىن ـ دىلغا ئۇچۇپ پۇرايدۇ.
پۇرىۋالسام ئۇنى بىر نەپەس،
باغرىمدىكى يوللار يورۇيدۇ.

2004 ـ يىلى 29 ـ ماي، ئۈرۈمچى

كىتاب تورپېكىتى ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# كېچە

ياتىدۇ تىمتاس سۇ قېتىدا سۇ،
يۇيۇنىدۇ ئۇندا كۆكنىڭ خىيالى.
كېچە ئادەم يەيدۇ تۇيدۇرماي،
چۈش قولدا خاراب شادلىقنىڭ ھالى.
ئاي — تۈندىكى يىغلىغان خىيال،
ئايدىڭ ئۇنىڭ نۇر كۆلەڭگىسى.
تىنىق ـ نەپەسلەر ئۇچۇپ يۈرگەن شېئىر،
قۇشلار تەندىن قاچقان يۈرەك بەلگىسى.
ئۇيقۇ گۈل شەربىتىگە بېرىلگەن پۇرسەت،
شامال تاغ باغرىدىن توزۇپ چىققان دەرد.
ئادەملەر كېچە قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ
قۇرۇيدۇ ـ كۆكلەيدۇ ئەبەدىلئەبەد.
كېچە — ئەتە ئۇنتۇلغان زامان،
بىز قاياقلارغىدۇر يول ئالغان كارۋان.

2004 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## ھەسەل قىز

ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ دەردىمنى،
دەرەخلەر قۇرۇپ كەتتى.
يۈرىكىمنى كۆرسەتسەم،
كاۋاپلار تۇرۇپ كەتتى.

ئۇلۇغ تىنىپ ئولتۇرسام،
قۇش يىغلىدى يېنىمدا.
ئوي ئىلكىدە كۆز يۇمسام،
دولقۇن قاتتى قېنىمدا.

ماڭا نېسىپ بولمىدى،
دەريايىڭدا ئېقىشقا.
بارالمىدىم كېچەڭگە،
گۈلخىنىڭنى يېقىشقا.

زامان ئۆتتى چۆرگىلەپ،
تاغ قالدى تاغ پېتىچە.
يۈرىكىمگە ئورنىغان،
داغ قالدى تاغ پېتىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سىڭىپ كەتسۇن قىسمىتىم،
بۇرۇنقى چۆچەكلەرگە.
كۆز يېشىمنىڭ جەۋھىرى،
ئايلانسۇن چېچەكلەرگە.

دەردىنىڭ تاتلىق يېرىدىن،
شىرنە بېرەي ھەرەڭگە.
شاد ياشىغىن ھەسەل قىز،
پاتماستىن مەھەللەڭگە.

2004 - يىلى 14 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى



## يول بىلەن مەن

مەن يول بىلەن بىللە كېلىمەن،
ھەر قەدەمدە بىر ۋاراق قىسسە.
قاتلىرىدىن تېپىۋالىمەن،
ئىزتىراپقا چۈمۈلگەن غۇسسە.

بىز تەك يولدا تېلىپ ھارغاندا،
ئۇچراپ قالار بىر تەنھا توغراق.
بىز ياپيېشىل بولۇپ قالغاندا،
قۇشلار قېچىپ كېتىدۇ يىراق.

مەن يوللارنى يولغا سالغاندا،
ئارقىسىغا قارايدۇ ئۇزاق.
ئاپتاپ مېنى قورشاپ ئالغاندا،
يول كۆكسىدە ياندۇ پىراق.

يېشىل ـ يېشىل چۈشكە ئەگىشىپ،
تېڭىرقايمەن دەريا لېۋىدە.
كۆزنى يۇمۇپ تۇرار يول غىڭشىپ،
بىر نامەلۇم دەرەخ تۆۋىدە.

2004 ـ يىلى 4 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

كىتاب تورىكتى ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## بىر تۇپ ئۇجمە

— مەرھۇم ئەرشىدىن تاتلىقنى ئەسلەپ

قانات پەرلەپ تۇرغان تۇرنىدەك
بۇ ھويلىدا
ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ بىر تۇپ ئۇجمىسى.
شېخىدىن چىقار يېشىل مىسرالار،
بولۇپ شائىرنىڭ ئۇتلۇق نەپىسى.

باھار بىلەن كاككۇك تەك ئاچار،
بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى،
شاخقا تۈگەر ئاق يۇلتۇز قىلىپ،
ئاق قۇشقاچنىڭ نىسۇسىنى.

قىلىقىدىن شامال چىقىرىپ،
دېرىزىدىن بويلار يوپۇرماق.
ئۆيدە ئەرشىدىن تاتلىق يوق،
ئۇجمە تىككىلى كەتكەن ئەرشكە،
روھى تەڭگە سېلىپ ئوت - پىراق.

ئۇجمە چىشلەپ ئۇچقان قۇشقاچلار،
ئېلىپ باردۇ ئۇنى بىر يەرگە،

بىر ئەقدە، بىر روھنى تىزىپ،
ئۈۋىلارغا سالىدۇ بەلگە.

تۆت پەسىلدە تۇرىدۇ ئۈجمە،
شائىر ئۆينى باغرىغا بېسىپ.
ھەر باھاردا يىغلايدۇ ھويلا،
قۇشلار بىلەن تەڭ
قۇلىقىغا بىر يېشىل قىسىپ.

2004 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## سۆكۆتتىكى شائىر

ئىشكىڭنىڭ ئالدىغا كەلدى،
بوران سۆكۆتۈڭنى بۇزغىلى.
ساڭا نەچچە زامانلار بولدى،
سۆكۆت بىلەن بىللە تۇرغىلى.

ئاچ ئىشكىنى، ئاچ دېرىزىنى،
يېڭى روھقا دېگىن مەرھابا!
كۆك قەرىدە پەرۋاز ئەيلىسۇن،
يۈرىكىڭدە كۆكلىگەن سادا.

تاش قوۋۇقلۇق ئۆڭكۈرگە بەندلە،
سۆكۆت تارتسۇن سۆكۆت دەردىنى.
چالما ئەمدى، تېگىدىن قۇرۇت،
مۇڭ دەرياسى ئاققان پەدىنى.

تاشقىن ياسا، قاينا، كۆۋەجە،
قىيالارغا ئېتىل مەۋج ئۇرۇپ.
سېنى تەتۈر قىياس قىلغانىنىڭ،
كەتسۇن باغرى زەردابقا تولۇپ.

2005 – يىلى 4 – ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# پەرۋاز

ــ ئۇسسۇل رېژىسسورى ئەخمەت ئىمىنگە

ئەردە ئەرچە يۈرەك چوغلانسا،
باهار كۈلەر هەربىر لەۋزىدە،
ئەل ئارمىنى دىلغا جۇغلانسا،
كۈلەر دۇنيا شادلىق لەرزىدە.

قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلماق ئاسان،
ئىش قىلماق تەس سەندەك مەردانە.
باسقان ئىزىڭ گۈل بولدى هامان،
سۈزگەنلىرىڭ گۆهەر ــ دۇردانە.

ئېشىپ كەتتى يېشىڭدىن تۆهپەڭ،
چۈشكەن چاچىڭ هەر تېلى مېهنەت.
ئابىدىدۇر هەربىر مۇساپەڭ،
قەلبلەرگە نامىڭدۇر زىننەت.

باراقسانلاپ «دولان چېچىكى»①،
«ئەپەندى»②گە سالدى پايانداز.
ئالدىڭدا كۆپ سەنئەت كېچىكى،
ماڭ، ئامان بول، ئۆرلە، قىل پەرۋاز.

2005 ــ يىلى 4 ــ ماي، ئۈرۈمچى

① ② «دولان چېچەكلىرى»، «نەسىردىن ئەپەندى» ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## قارلىغاچ

قىر جەنۇبتىن ھەيدەلگەن قۇشسەن،
كۆيدۈرگۈچ مۇز كۆكسىنى قىلىپ يارا.
قاپقارا پەيلىرىڭگە تەبىر شۇدۇر:
چوغ ساقلىغان ئوچاقمۇ بولۇر قارا.

ئەركەڭدىن غۇنچە تۇگدۇك بېغىمىزدا،
ئويغاندى باھار شۇندا ئۇيقۇسىدىن.
ھەر چېچەك يۈرىكىڭنىڭ پاك سىماسى،
كەڭرىگەن كۆك شادلىقىڭ تۇيغۇسىدىن.

دىلىڭنى سۇرەتلەپ بېرىدۇ يامغۇر،
ئايۋانغا قونسەن سۆبھىدىن بالدۇر.
يىلاننىڭ نەپسىگە بولمىغىن لوقما،
ئۇن كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى باردۇر.

2005 ـ يىلى 19 ـ ماي، ئۈرۈمچى

## سىم - سىم يامغۇر

سىم - سىم يامغۇر ياغقان بۇ ئاخشام،
ئەسكە چۈشتى سىرلىق كەچمىشلەر.
ئېقىپ - ئېقىپ يىغلىدى يۈرەك،
ئەلەم يايدى دەردلىك تەشۋىشلەر.
ئىنتائەتنىڭ باش - كۆزى زېدە،
ئۇرۇلغاندەك خادا تاشلارغا.
ئاسمان مېنى دوراپ يىغلىدى،
بۇلۇتلىرى ئېرىپ ياشلارغا،
تىرىقلايدۇ تىنىماي دېرىزە،
بۇزۇلدۇ ئۆيدە سۈكۈنات.
غاپىللىقىم تىرىلسە قايتا،
بوغۇچلىنار شۇئان پەر - قانات.
قەست - ئەپسۇندا زەنجىرلەنگەن روھ،
ئىڭرىماقتا دەردلىك نالەشتە.
قارا تۈندە قارا تەر باستى،
چۈشۈمگە بىر كىرگىن پەرىشتە.
سىم - سىم بولۇپ ياغدى ھىجرانىڭ،
سىم - سىم بولۇپ دەردىم تۆكۈلدى.
دەرد - پىراقتا مىسكىن جانانىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مىلىك تىرىلدى، مىلىك مەرتەم ئۆلدى.
سىم – سىم يامغۇر ياغار قاچاندا؟
ئەسلىمىگە ئوخشاش سىمىلداپ.
كېلەرمۇ گۈل ساڭا ئايلىنىپ،
تەبەسسۇمدا ماڭا پىچىرلاپ.
كۆزلىرىڭدە كۆرسەم كۆزۈمنى،
نۇر قايتۇرار دۇنيا روجىكى.
ئۆزلۈكۈڭدە كۆرسەم ئۆزۈمنى،
مەن بىر پارچە ھىجران بۇرجىكى.
قومۇش نەيگە ئايلىنىپ قالدىم،
چېلىپ يۈردۈم ئۆزۈمنى ئۆزۈم.
بىر كۈيۈمدە بىر پارچە ئوت بار،
تىلەك تىزىپ توختىماس سۆزۈم.

2005 – يىلى 20 – ماي، ئۈرۈمچى

## خېنە ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمدە ئايسىمان ئاتلىق بىر گۈزەل،
يىگىتلەر قەلبىدە بولۇپتۇ غەزەل.

شاھزادە كېلىپتۇ بەكمۇ يىراقتىن،
يۈركى ئېرىگەچ سۆيگۈ ــ پىراقتىن.

ئايسىمان ئۆزىنى ئاپتۇ دالدىغا،
كۆرۈمسىز چاچلىرى يېتىپ يادىغا.

خېنەگۈل شۇ ھامان بۇ سىرنى بىلىپ،
ئايسىمان چېچىغا قونۇپتۇ كېلىپ.

سۇمبۇل چاچ قېتىدا خېنە ياپرىقى،
قىزلارنىڭ مەڭگۈلۈك بوپتۇ شادلىقى.

2005 ــ يىلى 8 ــ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مەھەللىدىكى باللار

مەھەللىدىكى شوخ باللار،
ئۆي ـ ئۆيلەردە يورۇغان يۇلتۇز.
چۆچەكلەرگە سىڭىپ كېتىدۇ،
بولۇپ شىراق، چىنتۆمۈر، ئوغۇز.

ئەزىم دەريا بولار مەھەللە،
ئويۇن ئويناپ قالغان ئاخشىمى.
ئېيتار بەزەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق،
باھار تەپچىپ تۇرغان ناخشىنى.

كۆپكۆك بىدە چېچەك ئاچقاندا،
كېپىنەككە ئاشىناس ئۇلاردىن.
كەپسىز لىكىنىڭ نەپەسلىرىنى،
تىرىنۇالغۇك كېلەر قىرلاردىن.

قېشى چىمەن كونا گۆلدۈرمە،
ئۆزۈلدۈرمەي كۆيلەيدۇ كۆيىنى.
ئويۇننىڭ تاتلىقلىقىدىن
ئەسكە ئېلىپ قويمايدۇ ئۆيىنى.

بىر ئىنىڭ بار ئالا غورىسى،
بىر ئىنىڭ بار چىقىر ئۈجمىسى،
بىر ئىنىڭ بار كوس ـ كوس چېلىنى،
بىر ئىنىڭ بار قىتىق ـ سۆزمىسى...

پىچىرلىشىپ قىلسا مەسلىھەت،
كۆچۈك دوراپ قويىدۇ غىڭشىپ.
سۇغا ئوخشاش ساپ خىياللىرى،
دىلدىن ـ دىلغا ئاقار سىڭىشىپ.

مەھەللىدىكى ئاشۇ بالىلار،
ئۆي ـ ئۆيلەردە يانغان گۆھەرلەر.
شوخلۇقىغا سالار پايانداز،
سۆزۈك ئاخشام، سۆزۈك سەھەرلەر.

2005 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست، كەلپىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئېتىزدىكى قىزلار

ئېتىزدىكى قىزلار
تاڭ نۇرىدىن بالدۇر قونار ئېتىزغا.
ياپيېشىل مايسىلار لېۋىدە شەبنەم،
ئوخشار يېڭى تۇرغان يۇلتۇزغا.

سىردىشار ئۇلار ئېتىزى بىلەن،
چىغىرتماقگۇلنى ئۈزۈپ بەس ـ بەستە.
دان تۈتىدۇ ئارزۇ ـ ئارمىنى،
بەرگىسى ئالتۇن ئاپتاپپەرەستە.

ئېتىزدىكى قىزلار
سەھەر سالقىنىغا ئوخشاپ قالىدۇ.
كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىشىپ،
ئېتىزدىن ئوت ئالىدۇ.
قەلب روجىكىدىن سىرلىق مارىشىپ،
بىر ـ بىرىنى ئوتقا سالىدۇ.

ئېتىزدىكى قىزلار
باھار بىلەن تەڭ قونىدۇ ئېتىزغا.

كاككۇك، تورغاي، قارلىغاچ بولدۇ،
روھدا ئاسماننى قۇچۇۋالدۇ.
تۈيغۇ تىلەكلىرىنى ئېتىزغا چېچىپ،
يېشىل غايىگە مۆكۈۋالدۇ.
تۆت پەسلىنى ئېتىزدا كۈتۈپ،
دۇنيانى قەلبىگە تۈگۈۋالدۇ.

ئېتىزدىكى قىزلار
ئوتلۇق يۇلتۇزلار...

2005 - يىلى 18 - ئاۋغۇست، كەلپىن





ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# قىرمىش ئاتا

يېنىپ تۇرغان بىر رىۋايەت بار،
قىرمىش ئاتىنىڭ بىر جۈپ كۆزىدە.
كۆيگەن دەملەر ئۇزاق ئەسلىمە،
كۆسەي تىرەكنىڭ سۆزىدە.

دەرەخ دەرەخنى تىككەن بۇ يەردە،
بىلگىن، يىلتىزنىڭ تومۇرى يورۇق.
سىنچىلاپ قارىساڭ مۆجىزە ـ تىلسىم،
بەلكى قەدىملىكتىن تاپقان ئۇلۇغلۇق.

سۆگەتلەر شاخلىغان دەرياغا ئوخشاش،
يوپۇرمىقى ياپيېشىل يۇلتۇز.
ئەسىرلەر شولىسى سىڭگەن قوۋزاقتىن،
بۈگۈن ئۈچۈن چېچىلىدۇ تۇز.

كېچە ئۇچقان ئاشىق شامالدا،
شۆبىرلايدۇ كۆمۈش جىگدىلەر.
تاڭ شەپىقى قونغان زىرىقتا،
يانار يۈرەك يەڭلىغ مېۋىلەر.

سىرلىق ياڭاق لەپىلدىگەن تۇغ،
بىر نەرسىنى ئىزدەيدۇ كۆكتىن.
قومۇش يىغلاپ ئۇخلاپ قالسىمۇ،
ئەمما پىغان توزار پۆپۈكتىن.

ئاسايىشلىق ئويلاپ تۇرىدۇ،
تىلەك پۈتۈپ ئېسىلغان پۇرۇچ.
خىيالىڭنىڭ باش - ئاخىرى يوق،
كىمدە ئېزىش، كىملەردە بۇرچ ...

شىر - شىر ئاققان شىپايى بۇلاق،
ئويغىتىدۇ يىلتىز كۆڭلىنى.
قىرمىش ئۇچۇپ كېلەر دۇلدۇلدا،
قىسسەلەردىن ئېلىپ يېڭىنى.

2005 - يىلى 20 - ئاۋغۇست، ئاقسۇ

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# كىم ئېيتالايدۇ

ئاي بىلەن كۈن قوغلاشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
سەن بىلەن مەن تاشلاشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
يەر بىلەن كۆك سىرداشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
سەن بىلەن مەن بوغۇشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
تاغ بىلەن تاش سۆزلەشمەيدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
سەن بىلەن مەن تىركەشمەيدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
گۈل بىلەن گۈل پۇراشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
سەن بىلەن مەن ئۇرۇشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
ئوت بىلەن سۇ يانداشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟
شىر بىلەن قوي مۇڭداشمايدۇ دەپ
كىم ئېيتالايدۇ؟
سەن بىلەن مەن يىغلاشمايدۇ دەپ،
كىم ئېيتالايدۇ؟

2005 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## مۇھەببەتتىن

مۇھەببەتتىن
لىق سۇ ئاقار قۇرۇق دەريادا.
مۇز كۆكسىدە ياندۇ چوغدەك
قارلەيلىسى چوققا ـ قىيادا.

مۇھەببەتتىن
ئايلىندۇ كۆگۈل ئالەمگە.
ئېرالارنى ئېراغا ئۇلاپ
چېتىلدۇ ئادەم ئادەمگە.

مۇھەببەتتىن
تىنىقلاردا تىرىلەر بوران.
ئەقدىنىڭ يۇلتۇزلىرىنى
پىلە قۇرتتەك جۇغلايدۇ ۋىجدان.

مۇھەببەتتىن
شامال كەبى يۈرىمەن سەرسان.
يۈرىكىمنىڭ ياشلىرى بىلەن
تۈندە بىدار يازىمەن داستان.

مۇھەببەتتىن...

2005 ـ يىلى 4 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئىككى ۋە بىر

دۇنيا ئىككى، ئۆلۈم بىر،
تەقدىر ئىككى، ئىنسان بىر.
كۆيگەن ئىشق ئوتىدا،
ۋۇجۇد ئىككى، ئارمان بىر.

ئاشىق ئىككى، سۆيگۈ بىر،
ھىجران ئىككى، ۋىسال بىر.
تەبىرىگە ئىشقنىڭ،
جاۋاب ئىككى، مىسال بىر.

بۇلبۇل ئىككى، ئۇۋا بىر،
بۇلاق ئىككى، دەريا بىر.
قانىتىنى پەرلىگەن،
بۈركۈت ئىككى، قىيا بىر.

ئېتىز ئىككى، خامان بىر،
رىزىق ئىككى، زامان بىر.
بۇ جاھاندىن ئىزدىسەك،
ياخشى ئىككى، يامان بىر.

گۈلدان ئىككى، چېچەك بىر،
خەمەك ئىككى، پېلەك بىر.
مۇھەببەتنىڭ يولىدا،
يۈرەك ئىككى، تىلەك بىر.

2005 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## قۇشلار

قونۇپ باقساڭ بېشىمغا قۇشلار،
دەرەخ بولۇپ باقسام بىر نەپەس.
قاقشال بولۇپ كەتكەن شېخىمدىن،
كۆكلەپ چىقسا ياپيېشىل ھەۋەس.

ئاسمان سۆزلەپ يۇرگەن چۆچەكنى،
سۆزلەپ بەرسەڭ تۈنلەپ ئۇخلىماي.
كۆكسۈمدىكى سۈپسۈزۈك ئارمان،
چېچەكلىسە بىر تالمۇ قالماي.

شامال تاتلىق پۇرىسا مېنى،
نۇر ئۇينىسا ياپرىقىم ئارا.
قۇرۇپ كەتسە تېگى - تېگىدىن،
يىلتىزىمدا كۆكلىگەن يارا.

قونۇپ باقساڭ بېشىمغا قۇشلار،
بولۇپ باقسام سەن كەبى ياۋا.
شاخلىرىمنى بېرەتتىم تۆگەل،
سالساڭ ئەگەر باھاردىن ئۇۋا.

پۇرىۋالسام تاغنىڭ ھىدىنى،
تاش بىلگەن قاناتلىرىڭدىن.
يۈرىكىمگە كۆز قويۇپ باقسام،
شاخقا تامغان ئويناقلىرىڭدىن.

نىيىتىڭنىڭ خالىس يېرىدىن،
تۇمار ئېسىپ قويساڭ بوينۇمغا.
بۇلۇت يارغان پەرۋازلىرىڭنى،
مەڭگۈ ھەمراھ قىلسام ئويۇمغا.

قونۇپ باقساڭ بېشىمغا قۇشلار،
قونۇپ باقسا بېشىڭغا قەلبىم.
ئاي باغرىدا گۈلۈم ئېچىلسا،
ساڭا چاچقۇ قىلىپ تۆكەردىم.

2005 - يىلى 8 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئۇيغۇر قىزى

سەھەر سەندىن سەدىقە تىلەپ،
ئەۋەتىپتۇ ئىللىق سابانى.
ئاي بېقىپتۇ مەڭزىڭگە تولەپ،
تۇتۇلۇپتۇ كۆكنىڭ زۇۋانى.

يۇلتۇزلارنىڭ كۆزى تېلىپتۇ،
كۆزلىرىڭگە قاراپ ـ تەلپۈنۈپ.
چاقماق چېقىپ چۇقان سېلىپتۇ،
ئاپپاق بۇلۇت ھۆسنۈڭنى كۆرۈپ.

باغدا ئانار تۇتۇپتۇ دانە،
سۈزۈك قىزىل مەڭزىڭگە ئوخشاش.
تاش چېغىدا بوپتۇ دۇردانە،
چىشىڭ بىلەن بولسام دەپ ئاداش.

ئېپار ھىدلىق تىنىقلىرىڭدىن،
مەست بولۇپتۇ گۈلشەندە چېچەك.
سۇغا ئەنداز قىلىقلىرىڭدىن،
ئاھۇ ـ جەرەن توقۇپتۇ چۆچەك.

قات ـ قېتىغا ئۆتۈپ كۆيۈپتۇ،
مەھەللەڭنىڭ يولى ئوت بولۇپ.
پىراقىدىن ئېسىپ قويۇپتۇ،
دەرۋازاڭغا يىگىتلەر قۇلۇپ.

2005 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## بىر ئاسماننى ئاتتىم ئاسمانغا

**1**

شاراب ئىچىپ مەستمۇ بۇ كېچە،
قۇچىقىمدا ئۇخلايدۇ تىمتاس.
ئاي كۆكسىدە داغىنىڭ تۇگۈچى،
يۇلتۇزلارنىڭ ئاۋازى چىقماس.
چېچەك يىغلاپ تۇرىدۇ ئاسمان،
بۇلۇت سۆرەپ كەلگەن دەردلەردىن.
شامال شاللاق بولۇپ كەتتىمۇ،
ئاڭلىۋېلىپ قىلغان گەپلەردىن.
كەلگەن پەيتتە ھالقىما ئىرا،
يېنىپ كەتتىم ئىزىمنى بويلاپ.
قايتىلانغان سائەت تىلىغا،
چىلىڭ چىرماشقان سوئالنى ئويلاپ.
بىر يەر بولسا ماڭىلا لايىق،
شۇنداق زامان، شۇنداق ماكاندا.
نەپەس بىلەن چوغۇمنى چاچسام،
ھەممە كۆلسە ئوتلۇق ئارماندا.
بولسا مەرھۇم رەنجىش، رەنجىتىش،
نۇردىن كۆچەت تىكسەم كېچىگە.

قار ئۈستىدە ئۇخلىغان قىشنىڭ،
كۆكلەم بولۇپ كىرسەم چۈشىگە.
ساقىي بەرگىن ماڭا پىيالە،
شاراب تۇتاي مەيخور شارابقا.
مەست بولسۇن ئۇ يىلنىڭ بېشىدا،
يۈرىكىنى سېلىپ كاۋاپقا.

2

مەن بار ئەسلىي بارلىقىم بىلەن،
يوق دېمىگىن ئىزدىگەنلەرگە.
ئىشەنمە ھەم شۆھرەت كەيپىدە،
ئۆز - ئۆزىنى سۆزلىگەنلەرگە.
مەۋجۇتلۇقنىڭ قاتلىمى قات - قات،
تاغ تەكتىدە ياقۇتنىڭ شاھى.
تىلدا ئەمەس، يۈرەك قېتىدا،
چېچەك ئاچار ئاشىقنىڭ ئاھى.
سىر يىلتىزى بېغىرلار چوڭقۇر،
تېشەر تاشنى ئالتۇن ئەقىدە.
بوي تالاشقان بولىدۇ خازان،
مەقسەت پۈككەن پەسىل نەرخىدە.
دۇنيايىمدا ياشاپ يۈرۈيمەن،
ياخشى كۆرگەن ناخشامنى ئېيتىپ.
نوتىسىنى ساقلاپ قويدۇم ھەم،
ئېچىمدىكى بورانغا قېتىپ.
يوق بولۇشقا ماڭا ئىمكان يوق،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۆسەك گەپلەر يۆلەيدۇ مېنى.
شۇ يوقلۇقنىڭ قېتىدا تۇرۇپ،
بارلىقىمدا سۆيىمەن سېنى.
قايناپ ـ تاشسام چۈش بولىقىڭدا،
قارا باستى دەرسەن ئېھتىمال.
خىياللارنىڭ دوقمۇشلىرىدا،
كۆرمەي مېنى سەندە يوق ئامال.

3

ئەستىن چىققان كەچمىشلىرىمنى،
يەنە باھار سالدى ئېسىمگە.
باھار بىلەن ياش تۆككىنىمنى،
بىلدۈرمىدىم تېخى ھېچكىمگە.
شادلىق بىلەن ھەسرەت قوشكېزەك،
دەريا قىلدى ئۇلار قەلبىمنى.
نەيرەڭلەرگە قىلمىدىم پەرۋا،
بىر ئۆزۈملا بىلدىم دەردىمنى.
تال يىشىنگەن ئاشۇ ئاخشىمى،
بىر ئاسماننى ئاتتىم ئاسمانغا.
پەرۋاز قىلدى ئۇپۇقتا يۈرەك،
سىرلىرىمنى تۆكۈپ جاھانغا.
كاككۇك بىلەن ھىجران تالاشتىم،
مۇھەببەتنىڭ كەينىگە كىرىپ.
ئىزلىرىمدا قالغان ئەلەمدىن،

نوتا چىقتى ئۇرۇقنى يېرىپ.
بارخان دېگىنىز چۆشىگەن بىلەن،
مۇزتاغ لەيلەر دېگىنىز ئۈستىدە.
ئەقىدەمنىڭ تومۇرى قاتتى،
يانار تاغنىڭ ماڭار ئۈستىدە.
تۇرغىن ماڭا كەينىڭنى قىلىپ،
ئەسلىمىنىڭ ئۇزۇن ئۆچرىتى.
مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالغۇچە،
كەچمىشلىرىم تۇرسۇن شۇ پېتى.

4

سەن كۆلدۈرگەن سېنى يىغلاتسا،
ئەلىمىڭدە تىرىلەر قارغىش.
پۈتۈن ئۆمرۈڭ كۆنگە تەگىشلىپ،
ئۆلۈم بولار ساڭا ئاسايىش.
خاسىيەتلىك تۇغۇلغان كۈندە،
مەن تۇغۇلدۇم قايتىدىن يەنە.
ئالماشتۇرۇپ سەگۈنچىكىمنى،
ئەللەيلەردە ئاڭلىدىم تەنە.
قولىرىمنى سىققان قوللاردىن،
كاچىتىمغا بەش تاياق يېدىم.
يۈرىكىمنى ئىزدىگەنلەرگە،
سەندە ئىدى يۈرىكىم دېدىم.
بىر قەلبنى چۈشىنىش ئۈچۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لازىم ئىگە بولماق دۇنياغا.
بىر مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكمەي،
ئۇۋا سالماس بۈركۈت قىياغا.
نېسىپ بوپتۇ تۇغۇلغان كۈندە،
بۇ دۇنياغا قايتا كۆز ئېچىش.
تەقدىر ماڭا دېدىمۇ بەلكىم:
خۇمدانىڭدا خىش بىلەن تەڭ پىش!
مەن كۈلدۈردۈم يىغلاتقانلارنى،
مەنلەرنىڭ كۆكسىنى يىرىپ.
مارجان سوئال تۆكتۈم دەرياغا،
جاۋاب بەرسۇن بىلىقلار تىرىپ...

2005 ـ يىلى 1 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى



# يامغۇر دەرەختە چىچەكلىمەكتە

دەرەخ كۆككە ئىنتىلىدۇ ئۇچۇرما قۇشتەك،
يىلىنجايدۇ يىلتىزلار، كۆيىدۇ تۇپراق.
بۇلۇتنىڭ كۆكسىدە ئىشق غوۋغاسى،
ئەسلي ئۇ لەيلىگەن بىر پارچە پىراق.

كۆكنىڭ كۆزىدە ھەۋەستىن تۇتەك،
بەلكى شادلىق ئېرىگەندۇ يىغا ئارىلاش.
شامال كەلمەكتە قاناتلار كېرىپ،
باھارنى قىلىپ ئۈستىدە ھاپاش.

دەرەخ ئوينىماقتا ئوتتەك تولغىنىپ،
ئوت چېچەكلىمەكتە ھۆسنىگە تولۇپ.
تۆكۈلەر مۇھەببەت يۇلتۇزى باغدىن،
يامغۇر چېچەكلىمەكتە دەرەختە قونۇپ.

شاخلار ئېرىمەكتە دەريا تۈسىدە،
گۈلخان يامرىماقتا دولقۇن كۆكسىدە.
يامغۇر دەرەختە چېچەكلىمەكتە،
يىلتىز چېچەكلىمەكتە مېنىڭ ئىچىمدە...

2005 ـ يىلى 2 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## قارا يوز

رەقىب ئەلنىڭ مەلىكىسىگە،
بىر كۆرۈشتە كۆيدى شاھزادە.
ئەلەملىرى شامال ئۇچۇردى،
يۈرىكىنى قاپلىدى زېدە.
ئەلچى قويدى ئاتقا يوشۇرۇن،
قايتىپ كەلدى شەرتىنى ئېلىپ.
شەرتىكى: ئالتۇن مۈڭگۈز بۇغىنىڭ
ئېلىپ كەلسۇن باغرىنى يېرىپ.
بۇغا ئىدى ئەسلى بۇ ئەلنىڭ،
سائادىتى ئۇچۇن قۇت ـ نىشان.
ئەگەر ئۇنىڭ قېنى تامچىسا،
ساق قالمايتتى بىرەرمۇ ئىنسان.
شەرتنى ئاددىي چاغلاپ شاھزادە
ئات چاپتۇردى قىلىچ ئوينىتىپ،
ئەگەشتۈردى قىرىق نۆكەرنى،

چىلبۆرىدەك ئىتلارغا قېتىپ.
نۆكەرلەرگە شۇنداق شەرت قويدى:
قويساڭ قايسىڭ بۇغا قاچۇرۇپ.
سەن بىلەن تەڭ كېتەر دۇنيادىن،
يەتمىش پۇشتۇڭ ـ نەسلىڭ قوشۇلۇپ.
ئۇلار بېرىپ بۇغا بار جايغا،
قورشاۋ قىلىپ تۇتماقچى بولدى.
بۇغا سەكرەپ قىرىق كۆنگچە،
تۇتۇلمىدى، نۆكەرلەر ئۆلدى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەلىكە،
خەنجەر بىلەن باغرىنى تىلدى.
بىر نامەردكە سۆيگۈ بەرگۈچە،
بۇ دۇنيادىن پاك كېتەي دېدى.
ئۆز قوۋمىنى بىر ئايال ئۈچۈن،
ھالاك قىلماق بولغان نەدە بار؟
بۇنداق نامەرد ئىككى دۇنيادا،
ياشاپ ئۆتسۇن بولۇپ مەڭگۈ خار.
بۇ چاغ تاغلار ئېغىر تىترىدى،
يەر يېرىلدى، سۇلار يىغلىدى.
ئىت سىياققا كىرىپ شاھزادە،
يۈرىكىنى دەردلەر تىلغىدى.

2005 ـ يىلى 4 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# قىيىنداش

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇم نەچچە رەت،
سېنى ئۇچراپ قالار دېمىدىم.
يۈرىكىمنى چىرمىدى ھەسرەت،
ھېسلىرىڭغا ئالار دېمىدىم.

بىر نەرسىنى زارىقىپ كۈتتۇم،
ئۇ ئاسماندا، پەقەت سەن ئەمەس.
چىغىر يولغا يېشىمنى تۆكتۇم،
بەلكى بۇنى ھېچ كىشى بىلمەس.

سۇغا چۈشكەن يۇلتۇزنى كۆرۈپ،
كۆزلىرىڭنى ئەسكە ئالمىدىم.
مەن كەتمىدىم ئايغا تەلمۈرۈپ،
ھۆسنۈڭ ئۈچۈن دەردتە قالمىدىم.

شامال سىلاپ ئۆتتى يۈزۈمنى،
لېكىن سېنى سوراپ باقمىدىم.
شامالارغا قوشۇلۇپ كەتكەن،
ھىدلىرىڭنى پۇراپ باقمىدىم.

سىنى ئۇنتۇپ كېتىش دەردىدە،
مەن ئەقلىمدىن ئازدىم بۇ ئاخشام.
يۇرمىگەندۇ دىېرىزەڭ چېكىپ،
يۇرىكىمدىن قاڭقىغان ناخشام؟!

2005 ـ يىلى 14 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# يېشىل بوۋاي

— مەرھۇم بوۋامنى سېغىنىپ

ناله ئېلىپ بىزنىڭ ھويلىغا،
ئۇچۇپ كەلدى بىر پارچە بۇلۇت،
يېڭى يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمى.
قىرى ئۇچمە سوغۇق تەرلىدى،
ھاساڭ يەرگە يىغلاپ يىقىلدى،
يەرگە تورزۇدى يۇلتۇزنىڭ غېمى.
ئۆڭ جۇۋاڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
دادام ھىدلاپ سېنى پۇرىدى.
تۇمىقىڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
موماڭ ئاپپاق چېچەك يىغلىدى.

غېرىبسىنىپ تىنىدى سۆگەتلەر،
يېتىم قالدى ئېرىق ـ ئېتىزىڭ.
يىرىم كېچىدە ساڭا زارىقتى،
ئۆگزىدىكى ساناقسىز ئىزىڭ.

قايتىپ كېلىدىغاندەك ئۇزاتتۇق سېنى،
قايتىپ كەلمەيتتىڭ ئۇچۇرما قۇشتەك.
يېشىلى ئىكەنسەن ئەسلىي ئېتىزىڭ،

كاككۇكى ئىكەنسەن كۆكلەم ـ نورۇزنىڭ.
يىلدا نەچچە قاڭلانغان كەتمەن،
يېشىللىرىڭغا خۇماركەن سىنىڭ...

دەريا كۆڭۈل دىدى ئارغامچاڭ،
قولى بەرىكەت دىدى سىۋىتىڭ.
روھى سۇدەك دىدى ئىچقىڭ،
شۇلار باھاسىدا ئەسلى قىممىتىڭ.

چۈشۈمدە سىلايمەن ساقاللىرىڭنى،
ئويغۇمدا تۆكۈلەر ياشلىرىم تارام.
ئەپسۇس كەچۈرگىن، ئەي يېشىل بوۋا،
تۇتقۇزالمىدىم بىر ئۆزۈم تاپقان،
زاغرا نېنىمدىن ساڭا بىر توغرام.

2005 ـ يىلى 6 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## باياۋان خىيالى

قىيا تاش باغرىغا ئويۇلغان سۈرەت،
قەدىمنىڭ تۇغىنى تۇرار كۆتۈرۈپ.
زامانىنىڭ زامانىغا ئۇلاشمىقى تەس،
بۈگۈن كەلگەن ئەمەس ئوقتەك يۈگۈرۈپ.

تارتىشقان بەزىدە ئىشتىياق تىلى،
داۋانغا سىڭگەن شامال ھاردۇقى.
چىرىگەن مۈڭگۈز، ئاقارغان سۆڭەك،
بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدىكى غەلىيان قالدۇقى.

چاراقلاپ يوقالغان نۇرنىڭ ئەكسىدەك،
نەلەردە تۇنجۇققان كەچمىشتىن دېرەك.
بىراق بىر دەقىقە توختىماي سوققان،
كارۋان كولدۇرمىسىدەك ئوتلۇق بىر يۈرەك.

بۇرۇندىن تەبەسسۇم قىلار ھەدىيە،
يۇلغۇن پوستىنىڭ ئۆڭگەن رەڭلىرى.
قۇملارنىڭ تامچىغان يىشىدا چېچەك،
باغرىدا ئاتەشنىڭ گۈر ـ گۈر دەملىرى.

قۇياشنى هاردۇرغان ئۇزۇن بىر يولدا،
كېلدۇ جىمجىتلىق توپا رەڭگىدە.
بارخاننىڭ ئاستىدا ياتار تېپىرلاپ،
بىر يورۇق ۋە لېكىن يۈرىكى زىېدە.

قان تەرلەيدىغان ئاتنى مىنگەنلەر،
بۇ يەردە بولغان ئاتلارغا قانات.
ساۋۇت ئورنىغا غۇرۇر كىيگەنلەر،
دېيىشكەن ئۆلۈمدىن ياماندۇر ئۇيات.

مېتىنغا ئوخشاش بارمىقى بىلەن،
ئەقىدە ـ پەرھىزىنى ئويۇشقان تاشقا.
تۇنجى سىزىلغان يول خەرىتىسىنى،
ھەدىيە قىلغان ئالتۇن قۇياشقا.

ئەڭ مۈشكۈل پەللىدە ئەرلىك سىنىقى،
قاندىن چېچەك تۆكۈپ قىلىنغان قەسەم.
يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم ياشاش يولىدا،
قايسى بولسا مەيلى بولمىغان كۆز نەم.

كېسىم ـ پىچىمنىڭ مىزانى ھەقتە،
بولمىغان ھەققەت ھەرگىز دەپسەندە.
بەخت يۇلتۇزىنى ئىگىزدىن كۆرگەن،
مەردلىكنىڭ تۇغىنى كۆتۈرگەن بەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





خۇي ـ پەيلى بوراننى ئىزدەيدۇ بوران،
كەڭلىككە سىرداشتۇر كۆكسى ـ قارنى كەڭ.
قاراڭلار توغراقتا يىقلىپ ـ قوپۇپ،
ياشاپ كەلمەكتە دۇنيا بىلەن تەڭ.

قايغۇ ۋە خۇشاللىق چەمبىرى ئارا،
دەريادەك ئۆركەشلەر قۇملار تاشقىنى.
ئۈمىد بوستانىنىڭ قۇشى بول، سايرا،
غەپلەت بەرمەس غەمدىن باشقىنى.

بارخان ئىرادىنىڭ بولسۇن سىماسى،
باياۋان تەپتىدىن ئىزدىگىن ھىمات.
ئۇنىڭ قۇچقىدا توغراقتىن باشقا،
يىپەك بوغچىدەك غۇرۇرى قات ـ قات...

2006 ـ يىلى 14 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

## ئاشىق ھېكايىسى

باھاردىكى سىم ـ سىم يامغۇردەك
مەن ئاشىقنىڭ بىر ھېكايىسى.
قىسسە سۆزلەپ ئەلەم ـ ھىجراندىن،
گۈل لېۋىگە قوندى گاھىسى.

تەپتى ئاتەش ياز ئاپتىپىدەك،
مەن ئاشىقنىڭ بىر ھېكايىسى.
ھېكايەمگە ئوخشاپ قالىدۇ
بىر ئاشىقنىڭ ئىستەك ـ غايىسى.

كۈزدە ئۇچقان مىسكىن غازاڭدەك،
مەن ئاشىقنىڭ بىر ھېكايىسى.
ھەممە يەرنى قاپلايدۇ ئەمدى،
جۇدالىقنىڭ شەپە ـ ۋەھىسى.

لەپ ـ لەپ ياغقان قارغا ئوخشايدۇ،
مەن ئاشىقنىڭ بىر ھېكايىسى.
قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى،
مەشۇقۇمنىڭ ۋىسال سايىسى.

2006 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





## ئوتتۇنچى

خىيالىدا سانسىز دۆۋىلەر،
ئىزدىگىنى سۆكسۆك يىلتىزى.
شۇ ئىقەدىرى بولغان كەچتىمۇ،
ئۇچراتسام دەپ ئارزۇ قىلمايدۇ،
خاسىيەتلىك يىلان مۈڭگۈزى.

باھارغا لىق تولغان ھارۋا،
تىنىۋالار ئازنە بازاردا.
ئوتتۇنچىنىڭ خۇرجۇنى قۇرۇق،
سامان تۆگەپ كەتكەن تاغاردا.

بۈگۈن ئاخشام ئوتقا موھتاجىنىڭ،
ئۆيى ياۋا، جاڭگال پۇرايدۇ.
ئوچاقتىكى چوغ چېچەكلىرى،
زىمىستاننى گۈلگە ئورايدۇ.

ئوتتۇنچىنىڭ قەلب ئۇپۇقى،
سۈزۈلىدۇ بىر چۈگۈن چايدا،
ئاتا تەۋە رىزقى ـ نېسىۋە،
پېشىپ تۇرار تىپتىنچ سايدا.

تۆگۈنچسىز شاھانە كۆڭۈل،
ئاقار ئۇتقا تارام ـ تارام.
ئىغىزىغا كەلگەن سىرىق سۇ،
ئىككى تارتىم لەۋپۈكدا تامام.

ئۆيگە قۇرۇق كەلگەن ئارغامچا،
تەكرار يولغا چىللايدۇ ئۇنى.
ھىسلىرىغا ئەرك يۆگەيدۇ،
چۆلدە يانغان ئوتۇن ۋەتىنى.

2006 ـ يىلى 4 ـ مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىنتى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



## بىر تۇپ دەرەخمەن

ئېشىكىڭنىڭ ئالدىدا ئۆسكەن،
پەقەت بىر تۇپ غېرىب دەرەخمەن.
سېنىڭ ئۈچۈن شادلىقىم ياشنار،
ئۆزۈم ئۈچۈن بىر كونا دەردمەن.

ساڭا سايە چۈشۈرەي دەيمەن،
يېڭىرىمىغا قاقلاپ ئۆزۈمنى.
شىلدىرلايمەن چۈشۈڭنى بۇزۇپ،
تۈن شامىلى ئۆپسە يۈزۈمنى.

مەھەللەڭگە كۆكلەم توشۇيمەن،
مەھەللەڭنىڭ قۇشىدىن بۇرۇن.
چېچەك تۆكۈپ سېنى كۈتىمەن،
قۇلىقىڭدىن تەگسە دەپ ئۇرۇن.

كاككۇك كېلىپ شېخىمغا قونسا،
ئۇن سالىدۇ مېنىڭ ئۈنۈمدە.
چوغ ساقلىدىم يىلتىزلىرىمدا
سەن بىلەمسەن ھەممە كۈنۈمدە.

ئىشكىكىنىڭ ئالدىدا ئۆسكەن،
سەن ئۇچۇنلا بىر تۈپ دەرەخمەن.
گۈرجىكىكىنى يۆلەپ قوي ماڭا،
سۆيتىكىنى ئېسىپ قوي ماڭا،
چۈشكەن چاچنى يۆگەپ قوي ماڭا،
ياغلىقىڭنى يېيىپ قوي ماڭا،
ۋاقىت تېپىپ قاراپ قوي ماڭا،
سېنىڭ ئۈچۈن يارالغان دەردمەن...

2007 - يىلى 4 - فېۋرال، ئۈرۈمچى



كتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## شاھ مەشرەپ

دەشت ـ باياۋىنىڭ چوغىنىڭ ئوچقى،
ئىشق داستىخىنىڭغا ئاھلار تىزىلغان.
ئىچسەڭ ئاتەشنى ئۇسسۇلۇقۇڭغا،
بارخاندىن تورزار ئالتۇن يۇلتۇزلار،
ئاسمان كۆڭلۈڭگە تەققاس سىزىلغان.

شامال ساڭا ئەگىشىپ كەلدى قەشقەرگە،
ئۆگەندى كوچىدا سەرسان يۈرۈشنى،
ئاھىڭدىن چىراغىنىڭ پىلىكى ئۆچتى.
تاپىنىڭدىكى ھەربىر يېرىققا،
گۈلەختە ئېچىلغان تۆتەكلەر كۆچتى.

كېيىك ساڭا تاشلاپ كەتكەن چۆللەردە،
ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭنى كەلدىڭ تاشتۇرۇپ.
ساپايەڭ كەينىدىن ئەگەشتى دۇنيا،
پەرياد دۇردانىلىرىنى ئىزدەپ ـ ئاختۇرۇپ.

قۇياشىنىڭ باغرىدا شاخلاپ ھىجرانىڭ،
تەبەسسۇم بىلەن ياغدى قۇم بولۇپ.
قىسسەڭ ئارقىنىغا قالدىم باغلىنىپ،
تاشقىن ياسارمەن بىر كۆنى تولۇپ.

ئەقدەڭدىن پۈتكەن ئۈيۈل تاش،
ئۈشكىم ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
يېتەلمىگەچكە سېنىڭ ۋەسلىڭگە،
يېشىمدىن سەھەردە شەبنەم چاقنىدى.

2007 - يىلى 27 - فېۋرال، ئۈرۈمچى





ئۇيغۇر كتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





## ۋاقىت

ۋاقىت ساڭا ئايلاندىم دەيدۇ،
مېنىڭ ئاڭا ئايلانغىنىم راست.
سائەت مېنى كۆيدۈرۈپ يەيدۇ،
مەن ۋاقىتنىڭ ئىچىدە قوقاس.

قۇياش رەڭگى ئېچىلغان گۈلدە،
كۆتەر مېنى سېغىنغان سەھەر.
ئاسمان كۆلۈپ ئېچىلغان كۈندە،
رىزقىمدىن پۈتىدۇ گۆھەر.

دەقىقىلەر ئالماس دېمىنى،
تالان ـ تاراج ئۆمۈر خۇرۇجۇم.
ئۆزگەرتىمدى ۋاقىت نېمىنى؟
نېمىلەرگە يىغلايدۇ بۇرچۇم؟

بىر مەنزىلگە يېتىپ قالىمەن،
ئىزدەپ كېلەر ئارقامدىن ھاڭلار.
ئىبغىر ـ ئىبغىر نەپەس ئالىمەن،
كۆكتە ئاۋاز ـ كۆكتە ئاھاڭلار.

ۋاقىت ماڭا تۆلىگەن بەدەل،
ئېزىقىشتا يانار ئەسلىگە.
ئۆز - ئۆزۈمگە ئوق چەنلەيمەن دەل،
جېنىم تويماس جانىنىڭ ۋەسلىگە.

پۇشايماندىن تاشقان پىيالەم،
قولدىن - قولغا ئۆتەر، ئايلىنار.
ۋاقىت بىلەن ھەمشىرىك ئالەم،
سۆيگۈ ياققان ئوتتا تاۋلىنار.

2007 - يىلى 4 - ماي، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# يالغان چىرايلار

كۆلۈپ تۇرۇپ كۆكسۈمگە تىغ سال،
ئەقىدەڭدىن چۈشسە گەر پەرمان.
كۆلۈپ تۇرۇپ كۆزۈمنى يۇماي،
قاناپ چىقسۇن يۈرەكتىن ئارمان.

كۆز ئالدىڭدا خۇش پۇراق چاچسۇن،
گۈلگە ئوخشاپ قەدرى - قىممىتىم.
ماڭا زىنهار كېرەك ئەمەستۇر
قەبرىستاندا ئىشتىكەن ھېكمىتىم.

بۇ دۇنيادا قالغان روھىمنى،
ئۇۋدىسىغا باسسۇن تورغايلار.
تورغايلارغا قەست قىلمىغايسەن،
ئەي نەپرەتلىك يالغان چىرايلار.

2007 - يىلى 10 - ماي، ئۈرۈمچى

## ئاشىق

ئاشىقلىقنىڭ يولىنى،
كەلسە كىمنىڭ بىلگۈسى.
ئالسۇن مېنىڭ باغرىمدىن،
دەردۇ ھىجران ئۆلگىسى.

يانسام يانسۇن يېنىمدا،
گۈلخان بولۇپ مەن بىلەن.
مالۇ دۇنيا، شادلىقتىن،
كەچكەن يالغۇز تەن بىلەن.

دىل قەسرىدىن ئىزدىسۇن،
سۆيگەن گۈلى لەيلىنى.
ئىشق ـ پىراق يولىغا،
بەرسۇن ھوشى ـ مەيلىنى.

قاينىغاندا قوشۇلسا،
بىللە قايناپ تاشارمىز.
سەمەندەردەك ئاتەشتىن،
بەھرە ئېلىپ ياشارمىز.

كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يۈيۈپ قەترە ياش بىلەن،
ئۆزىتارمىز سابانى.
شاھ مەشرەپنىڭ چۆلدىن،
تېپىپ ئەكس سادانى.

ئەجەل يەتسە جانلارغا،
تەننى يەرگە كۆمەرمىز.
ئىچىپ ھىجران چېچىكى،
ئۇرۇق بولۇپ ئۈنەرمىز.

2007 - يىلى 20 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## ئىنتىلىدۇ ئازابقا يۈرەك

يىراقلاشسام دەيمەن يېنىڭدىن،
ئۇۋىسىدىن ئۈركۈگەن قۇشتەك.
ئازاب تېمىپ تۇرغان تېنىڭدىن،
مېنى چىللاپ چىلىنار پۇشتەك.

ئىنتىلمەن قورقۇش بىلەن تەڭ،
قان يۇتقىلى كاككۇكقا ئوخشاش.
ساقلاپ تۇرار مېنى بىر لەھەڭ،
بەلكى ئۇ سەن باغرىڭدا لىق تاش.

بۇلبۇللار قان يىغلىغان ئاخشام،
ئېچىلغاندەك گۈلشەندە پورەك.
يىغلىسمۇ ھىجراندا ناخشام،
ئىنتىلىدۇ ئازابقا يۈرەك.

2007 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## گۈلنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە

گۈلنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە:
ئۇ ئادەمنى قىزغىن سۆيەرمىش.
پاك قەلبىمنىڭ شەرھىسى ئۈچۈن،
پورىكىنى قاندا بويارمىش.
مۇھەببەتنىڭ ئۇقۇم شەرھىگە،
ھەر نەپەستە سوئال سورارمىش.
قەھرى قايناپ بۇۋاپالىققا،
غوللىرىغا تىكەن قونارمىش.
ئەقىدىنىڭ ھەق ـ نېسۋىسىگە،
كۆكلەم چىللاپ شىرنە يىغارمىش.
دەرد ـ پىراقىنىڭ يەكسىنى ئۈچۈن،
تىلەك تىلەپ ئېقىپ يىغلارمىش.

گۈلنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە:
ھاياتلىقنى ئۆتتەك سۆيەرمىش.
كۆلۈپ تۇرغان بىلەن كۈندۈزدە،
كېچىلىرى يېنىپ كۆيەرمىش.
شاماللارغا مىنگىشىپ كېلىپ،
باغ، ھويلىغا چۈشۈپ قونارمىش.
تۇيغۇسىنى رەڭلەردە سىزىپ،

هەر باھاردا چېچەك سۇنارمىش.
كۆكۈل ئېلىپ كۆكۈل بەرگەننى،
باللاردەك ھىدلاپ تونۇرمىش.
كەتمەي يىراق پەسىل قۇشدەك،
باھار كۈتۈپ بىدار تۇرارمىش.

گۈلنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە:
بۇ دۇنياغا سۆيگۈ تۆكەرمىش.
خۇش پۇرىقى كوچا - كويلاردىن،
كۆندە يەتتە قېتىم ئۆتەرمىش.

2007 - يىلى 22 - ئاۋغۇست، كەلپىن



كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئۆزىنى سۆيۈش مۇقەددەس

ئۆزۈمنى سۆيۈشكە مۇھەببەت قالسۇن،
بىر پۈتۈن قەلبىمنى قىلمىغىن شىكار.
ئەسلىدە ئۆزىنى سۆيۈش مۇقەددەس
شۇندىلا بۇ ھايات بولۇر ئۇلۇغۋار.

سۆيۈشنى ئۆزىدىن باشلىغان دىلدا،
مۇھەببەت دەرىخى بولار باراقسان.
نۇر بولۇپ تارايدۇ باشقا دىللارغا
قەدىر ـ قىممەتكە تويۇنسا ئىنسان.

ئۆزۈمنى سۆيۈشكە مۇھەببەت قالسۇن،
ئېلىپ كەتمىگىن مەندىن ھەممىنى.
ئەگەردە سۆيگۈڭدە كىمە ياسساڭ،
بولسۇن يۈرىكىم ئۇنىڭ يەلكىنى.

2007 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## سىلەر ئۇخلاڭلار

ماڭا مەنسۇپ بۇ كېچە
سىلەر ئۇخلاڭلار.
تىلغا كىرمەس تىپتىنچ كۆك
سىلەر بولساڭلار.

يۇلتۇز بولۇپ چېچىلايمەن
سىلەر ئۇقماڭلار.
گۈل بىلەن تەڭ ئېچىلايمەن
سىلەر پۇراڭلار.

ماڭا ئوخشاش يورۇپ تۇرسۇن
مېنىڭ ئۆيۈملا.
ياپراقلارغا سىڭىپ كەتسۇن
مېنىڭ كۈيۈملا.

شېرىن چۈشنىڭ چېكى يوق
سىلەر كۆرۈڭلار.
تەبرىلەردىن چۆچەك توقۇپ
سىلەر ئۆرۈڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاراڭغۇنىڭ ئاۋازىدا
مەن ئۇخلىيالماي.
ئۇيقۇ مەندىن بىزار بولسۇن
ماجالى قالماي.

سەھەر بالدۇر ئويغانسۇن
ماڭا ئەگىشىپ.
مەن سەھەرنى باشلاپ ماڭاي
ئۆزۈمدىن تېشىپ.

2007 - يىلى 4 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## كۈتۈش ۋە ئۇزىتىش

كۈتۈش دەردى قىيىن شۇقەدەر،
زارىقىشتا ئۆرتىنەر يۈرەك.
ھەممە سېنىڭ بولار بىر نەپەس،
ۋىسال گۈلى ئاچقاندا چېچەك.

ئۇزىتىشنىڭ ھەر دەقىقىسى،
سالار ئىكەن تەنگە مىڭ ئەلەم.
ئۇزىتىش ۋە كۈتۈش يولىدا،
ئالار ئىنسان تىنىمسىز قەدەم.

قۇياش بالدۇر سۆيگەن چوققىنىڭ،
بالدۇر ئىكەن ھامان ھىجرانى.
تۈن تەگدىكى ئاسمانغا قارا،
ئاي كۆكسىدە كۈنىنىڭ پىغانى.

سېنى ساقلاي ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
مىڭ تەستە كەل ئەمما كەتمىگىن.
يېشى قۇرۇپ بولغان يۈرەكنى،
ھەرگىز غېرىب ئۇۋا ئەتمىگىن.

2007 - يىلى 12 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## هازىر

بىر بوگۈنده نەچچە هازىر بار،
ھەر ھازىردا ئۆزگىچە چىراي.
ئورمان تىمتاس ئۇخلىغان چاغدا،
تاڭنى ئىلىپ كېلىدۇ تورغاي.

تاغدا ياتقان تاشمۇ بىر ئەسىر،
غۇلاپ چۈشەر توشسا رىزىقى.
بولۇپ قويار ئىككى زامانغا،
بىر ھازىرنى تەقدىر سىزىقى.

كەتكەن دەملەر بولار ئۆتكۈنچى،
كەلگەنلىرى ئالدىمدا مېھمان.
بىر ئۆچۈرگۈچ باركى قولۇمدا،
ئۆچۈرىمەن ھەممىنى ھامان.

دەقىقىگە ئارتىلغان خىيال،
چىرىپ كېتەر بىر كۈنگە بارماي.
بىر نەپەستە ئۆتەر تۆت پەسىل،
روھىم كۆيەر ھازىرغا قانماي.

بۇگۇن كەتكەن بىساناق ھازىر،
قايتىلانماس ماڭا ئەبەدىي.
قاڭقىغاقتەك سوزۇلغان ۋاقىت،
قىسار مېنى گاھ بولۇپ قەبىھ.

ماڭا ئۆچرەت تۇرغان ھازىرلار،
ئۆتۈپ كېتەر ئۆمرۈمنى ئېلىپ.
تۇتۇۋالسام ئۇنى ئەگەردە،
قۇچاقلايتتىم قېنىپ، ئاھ قېنىپ.

2007 - يىلى 18 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# بۇ كېچە

ئاق ئايدىڭدا ئۆگزىگە،
يۇلتۇز شولا تۆكمەكتە.
راھەت بىلەن يۈزۈمنى،
غۇر ــ غۇر شامال ئۆپمەكتە.

شۇنچە شېرىن پۇرايدۇ،
قوغۇن ھىدى دىماققا.
جىمجىتلىقنىڭ سىرىنى،
جىمجىت سۆزلەر قۇلاققا.

تۆندە ئاققان شىر ــ شىر سۇ،
سالقىن يايار ئەتراپقا.
قارىغانچە كۆك ئاسمان،
ھېسنى باشلار يىراققا.

بالىلىقنىڭ دەملىرى،
سۆزلەر گۈزەل ھېكايە.
سارىيىڭنى قوي ئانا،
ماڭا ئۆگزە كۇپايە.

هەممە نەرسە ئۆگزىدە
كۆرۈنەر ئۆز پېتچە.
تېپىش ئۈچۈن ئەسلىمنى،
مۇرۇۋۋەتتۇر بۇ كېچە.

2007 – يىلى 2 – ئۆكتەبىر، كەلپىن



كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## كەلپىن بىلەن سىرداشتىم

پىچىرلاشتىم ئاق ئايدىڭدا يۇرت بىلەن،
قۇچاقلاشتىم گويا گۈلخان ـ ئوت بىلەن.

دېدى تۇپراق: ئازدۇر ئېكىن ـ ئېتىزلار،
دېدىم: كۆكتە كۆپچۇ يارقىن يۇلتۇزلار.

دېدى بۇلاق: سۇ يېرىمدۇر ئۆستەڭدە،
دېدىم: غۇرۇر چاقنار يۇرتتا ــ ۋەتەندە.

دېدى تاغلار: ئېتىكىمىز گىياھسىز،
دېدىم: تاشموزەر، ياقۇتتەك باھاسىز.

دېدى دېھقان: پەشتاق، مۇنار ئاز بىزدە،
دېدىم: ھېكمەت چاقنار قىلغان ھەر سۆزدە.

دېدى بىرى: يوقتۇر بىزدە كۆپ دۇنيا،
دېدىم: قارا! بۇركۇتلەرگە لىق قىيا.

دېدى بوۋاي: نەچچە ئەۋلاد ياشدۇق،
دېدىم: ئىلىم ـ ھېكمەتكە يول باشلىدۇق.

دېدى يەنە: يۇرت باللىرى مۇستەھكەم،
دېدىم: ئەمەس يۇرتتا ئاقىل، دانا كەم.

2007 ـ يىلى 4 ـ ئۆكتەبىر، كەلپىن

# شېئىر، گۈل، قىز

ئاخشام يازغان شېئىرىمنى
تاڭ سەھەرنىڭ شامىلى بىلەن
يوللىۋەتتىم كەلپىنىنىڭ كوچىلىرىغا.
تىقىپ قوي دېدىم،
قېرى ئۈجمە ئاراچىلىرىغا.
ئوقۇپ بەر دېدىم،
غۇنچە تۇتقان سۆگەتگۈلگە.
چېچىپ قوي دېدىم،
ئوت تەپتى بار تونۇر تۈۋىگە.

قىزلار شېئىر چۈشەپ قالىدۇ،
چۈشلۈك ئۇيقۇدا.
شېئىر يۆگەلگەن گۈلنى قىسىدۇ،
تاتلىق تۇيغۇدا.

بالىلارنى قوغلاپ كېيىنەك،
پەنجىرىدىن كىرىدۇ ئۆيگە،
ۋۇجۇدىنى قاتىدۇ گۈلگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


مەن بۇ شېئىرغا
قانلىرىمنى قاچىلاپ يازغان.
مەن بۇ شېئىرنى
يۈرىكىمنى پارچىلاپ يازغان.

ئوقۇپ قويغىن سۆيۈملۈك دوستۇم،
بالىلارنىڭ چىققۇچە تىلى.
شېئىرىمدا بولار نامايان،
سەن زارىققان گۈللەرنىڭ دىلى.

2007 – يىلى 6 – ئۆكتەبىر، كەلپىن

## سەۋدا

— ئوغلۇمغا

يۇلتۇزۇڭ بار كۆكسۈمدە يارقىن،
باغرىڭغا چوغ چاچقان يۈرەكتەك.
تىلەكلىرىم ئاقار سەن سايان،
سەھەر پۇراپ ئۆتكەن پۈرەكتەك.

بۇ دۇنيانىڭ ھەربىر تىنىقى،
بازار ئاچتى سىنىڭ كۆكسۈڭدە.
كىملەر ئۇخلاپ، كىملەر ئويغىنار،
سەۋدا يامراپ تۇرغان ئۈنۈڭدە.

كۆي بارخىنى — قەدىمىي كوچا،
جاراڭلامدۇ شاھ مەشرەپ كەبى.
گۈل ئورنىغا ئاتەش ئىزدىگىن،
گۈل بولالماس ئەسلا ئەسەبىي.

داپنى ئەمەس يۈرىكىڭنى چال،
دىللارنى ئەز، دىلىڭنى ئېزىپ.
باھاردىكى گۈلدۈرمامىنىڭ،
رەسمىنى تەنگە قوي سىزىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هەۋىسىڭگە ئاقىۋل تىلىدىم،
مەيلى ئوتقا، مەيلى سۇغا كىر.
دۇنيايىڭنى ئۆزۈڭ قۇرۇپ چىق،
قاتىلىرىڭغا يىلتىز ياىسۇن سىر.

2007 – يىلى 8 – ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



# شائىر رىۋايىتى

— ۋاقىت شائىرنى يەكلەپ قويارمىش،
— نېمىشقا؟
— شائىر ۋاقىتنى سەتلەپ قويارمىش.

— قەلەم شائىردىن قورقۇپ يۈرەرمىش،
— نېمىشقا؟
— شائىر قەلەمنى نوقۇپ يۈرەرمىش.

— بوران شائىرنى ئىزدەپ كېلەرمىش،
— نېمىشقا؟
— شائىر ئاڭا نىشان بېرەرمىش.

— گۈل شائىرنى چىللاپ تۇرارمىش،
— نېمىشقا؟
— شائىر گۈل بىلەن تەڭ يىغلاپ تۇرارمىش.

— ئاسمان شائىرغا سالام قىلارمىش،
— نېمىشقا؟
— شائىر يۇلتۇزلارنى بالام قىلارمىش.

— شائىردىن ئايالى ئەنسىرەرمىش
— نېمىشقا؟
— شائىر كۆندە نەچچە قانسىرارمىش.

2007 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# توغۇلغان ئۆي

باللىقتا ئامراق ئىدىم تالاغا،
ئويناپ، كۈلۈپ كەچ بولغانىنى بىلمەيتتىم.
ئاخشاملارنى ئۇلاپ يورۇق تاڭلارغا،
ئەركە تايدەك ئۆيگە كىرەي دېمەيتتىم.

ئايدالانىڭ ئايدىڭىغا چۆمۈلۈپ،
سۇغا چۈشكەن يۇلتۇزلارنى سانايتتىم.
ئانام ئىزدەپ كەلسە قېچىپ مۆكۈنۈپ،
بەڭباشلىقتىن خاپا قىلىپ قانمايتتىم.

مانا بۈگۈن ئۆزۈمگە «خان، بەگ» بولۇپ،
تارتماقتىمەن بىر ھىجراننىڭ دەردىنى.
سېغىنىشتا ئوت ئالىمەن تولغىنىپ،
ئەسكە ئېلىپ توغۇلغان ئۆي قەدرىنى.

ئۆيدە ئىكەن باللىقنىڭ بايرىمى،
خسلەت باركەن كىندىك قاننىڭ سېھرىدە.
گاھى يۈتتى بۇ ھاياتنىڭ قاينىمى،
ئۆيدە ئىكەن سۆيۈلۈش چىن مېھرىدە.

2007 – يىلى 12 – ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## قىرىق بىر يۈرەك

قىرىق بىر كېچە، قىرىق بىر كۈندۈز،
كۆكلۈلگە پۈكۈلگەن قىرىق بىر ئارمان.
سېنى باغرىغا چىللاپ تۇرغىنى،
قىرىق بىر دەريا، قىرىق بىر ئورمان.
كۆرگەنلىرىڭ شۇ چۈشلەر پەسلىدە،
قىرىق بىر قەرنىدىن ئاۋۋالقى زامان.

قىرىق بىر داۋان، قىرىق بىر چوققا،
ئۇپرىغان پۇتتا قىرىق بىر ئاياغ.
قىرىق بىر غىلمان كۆكلۈك قېتىغا،
نەقىشلىگىنى قىرىق بىرلا داغ.
هاساڭ يىگىندىن كىچىكلىگەندە،
يەنە بىر پەللە قۇچاق ئاچقان چاغ.

قىرىق بىر دىۋە، قىرىق بىر يىلان،
مۈشكۈلات سالار قىرىق بىر قەۋەت.
قىرىق بىر كۆرۈم، قىرىق بىر ئۆلۈم،
سېنىڭ ئالدىڭغا تاشلايدۇ نۆۋەت.
قىرىق بىر خىيال، قىرىق بىر چۈچۈش،
ئالدىڭغا ماڭساڭمۇ - ماڭمىساڭمۇ دەرت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىرىق بىر قەلئە، قىرىق بىر ئوردا،
قىرىق بىر سۇلتان سۇرىدۇ بەزمە.
قىرىق بىر قىلىق، قىرىق بىر خۇلق،
ئەس ۋە ھوشۇڭنى ئالىدۇ نەغمە.
قىرىق بىر تۇلۇم ھەسرەت ئىچىدە،
پادىچى تازىنىڭ سۆزلىرى ئەزمە...

قىرىق بىر ھۇجرا، قىرىق بىر ئىشىك،
سىيلىنغان ئاڭا قىرىق بىر قۇلۇپ.
ئاچقۇچلىرى قولۇڭدا تۇرۇپ،
بىر ئاخشامدىلا كەتكەن يوقىلىپ،
قىرىق بىر كۆنلۈك يولنىڭ بويىدا،
قىرىق بىر خىسلەت ياتقان باسۇرۇپ.

قىرىق بىر سىرلىق ساندۇق ئىچىدە،
قىرىق بىر قىزنىڭ ھۆسنى گۈل پورەك.
كۆز چانقىدا قاتقان قانلاردا،
چولپان يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ تىلەك.
ئالتۇن ئوقيانى سانجىپ بىغىشقا،
كۆلۈپ ياتىدۇ قىرىق بىر يۈرەك.

2007 - يىلى 1 - نويابىر، ئۈرۈمچى

## جەرەن

كىملەر سالدى بىزگە جۇدالىق،
قايسى ماكان، قايسى زاماندا.
كۆزۈمگە ياش كېلەر لىقمۇلىق،
دىلىم كۆيۈپ ئوتلۇق ئارماندا.
چۈشلىرىمگە كىرىسەن بەزەن،
مېنى قاچان پۇرايسەن جەرەن؟

ئاق ئايدىڭنى كۆكسۈڭگە لىقلاپ،
شەربەت ئەتتىڭ يامغۇر سۈيىنى.
سەن بىلەن ساي كۆلدى ۋىلىقلاپ،
ئەركە قىلدىڭ شامال كۈيىنى.
ئۈيلىغىنىڭ يىلتىزدىن تېرەن،
مېنى قاچان پۇرايسەن جەرەن؟

ئارزۇيۇڭنى تاشلارغا پۈتتۈڭ،
قەلبىڭ ياندى ئەقدەك ئارا.
ھىدلايمەن دەپ مېنى، قان تۆكتۈڭ،
جان پارەڭنىڭ يۈرىكى يارا.
ئۇچۇپ كېلىپ، كۆتۈرۈپ سۈرەن،
مېنى قاچان پۇرايسەن جەرەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساڭا سالغان ئېغىر ھەسرەتكە،
جاۋابىڭ شۇ مەندىن شۇركۇنۇش.
مەن بىلەن تەڭ بۇ تەبىئەتكە،
تۆرەلگەنگە قىلدىڭ ئۆكۈنۈش.
دىلنى ئېزىپ ئېغىر دەرد بىلەن،
مىنى قاچان پۇرايسەن جەرەن؟

چىقىپ كەتكەن بېشىڭنى ئېلىپ،
سەن بىر يۇلتۇز، سەن بىر سەييارە.
ئاققان يۇم ـ يۇم يېشىڭنى كۆرۈپ،
كىمنىڭ باغرى بولمايدۇ پارە.
مەندە نۇقسان ـ مەندە كۆپ ئېۋەن،
مىنى قاچان پۇرايسەن جەرەن؟

2007 ـ يىلى 8 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

## تاغلىق كەنتتىكى باللار

تاشقا ئوخشاش ئېچىدىن پاكىز،
خىيالى بار چىغىر يوللاردەك،
ئاي يورۇغان، يۇلتۇز مارىغان،
پاك سۇدىكى بېلىقچانلاردەك،
تىنىم تاپماس ئاغمىخانلاردەك،
تاغلىق كەنتتىكى قىيىق باللار.

شاكىلاتنى قىلمايدۇ غەلۋە،
كاپ ئېتىدۇ «شېكەر» تالقاننى،
سېغىز ئورنىدا ئۇچۇن بولمايدۇ تەلۋە،
مەززە قىلىپ يەيدۇ تاپقاننى،
شەپە بېرەر قۇياشتىن بالدۇر،
ئۇپۇق كۆلۈپ تاڭلار ئاتقاننى،
تاغلىق كەنتتىكى قىيىق باللار.

ئۆگىتىدۇ ئاتقا كىشنەشنى،
قوزىلارغا «ئوت» دەپ مەرەشنى،
موزايلارغا «سۈت» دەپ مۆرەشنى،
ئوغلاقلارغا ئېگىز سەكرەشنى،
توشقانلارغا ئۇۋا كولاشنى،
تاغلىق كەنتتىكى قىيىق باللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بوغۇنلاردەك بولۇشسا غۇژمەك،
ئويۇنلىرى بەئەينى چۆچەك،
دالالاردا دۇم ـ دۇم ئوينسا،
جىرالاردا ئوينار مۆكۈشمەك،
ياۋىلىقنى ئۆتكۈر بىخ قىلىپ،
تاش ئۈستىدە ئېچىلغان چېچەك،
تاغلىق كەنتتىكى قىيىق باللار.

2007 ـ يىلى 11 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

## قىرى دەرەخ

قوۋزىقىدا ھايات جىلۋىسى،
شاخلىرىدا ئاي قونغان ئىزلار.
قۇش كۆكسىدە كۆيەر پىغانى،
زامانلارنى زامانغا ئۇلاپ،
يەرنى چىرماپ ياتار يىلتىزلار.

كۆز تىكىدۇ ھەردەم ئاسمانغا،
تىنىقىدا ئارمان بالقىيدۇ.
تەنھا يىنىپ تۇرغان ئەختەردەك،
كۆزىتىدۇ پۈتكۈل دۇنيانى،
خىياللىرى كۈندىن ھالقىيدۇ.

كۆكلەم بىلەن بىللە كۆكىرىپ،
ئاپتىپىنى يەيدۇ تومۇزنىڭ.
قۇياش بىلەن قىشقا تەڭ كىرىپ،
مۆگدىمەيدۇ مانان ـ تۇماندا،
ھىجرانىغا چىداپ يۇلتۇزنىڭ.

شامال كېلەر تىلىنى سوراپ،
تاغ پۈرايدۇ تەمكىنلىكىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قۇش شىخدا جىمىپ قالدۇ،
يوللار ئىغىر نەپەس ئالدۇ،
ئوقۇپ قالسا غەمكىنلىكنى.

قىربىلارنى تۆۋىگە يىغىپ،
ئەسلىتىدۇ سەبىي چاغلارنى،
ئادەم كەبى ئۇنىڭ ئەپىغانى،
چىلاپ قويۇپ چىچەك سۈيىگە،
تۆكۈۋالار مېۋە داغلارنى.

2007 – يىلى 12 – نويابىر، ئۈرۈمچى



## يىراقلىق

باھار ھىدلاپ كەلگەن قۇشلار،
بىر روجەكتىن ئىزدەر ساداقەت.
ئەينەك ئىقسپ تۇرغان دەريا،
ئىككى قاشتا ئىككى ھەقىقەت.

قار ياندۇ قارا ياغاچتا،
ئاق بۇلۇتقا زارىقار ئاسمان.
نان، پىچىنە ئۇۋاقلىرىدىن،
قۇش تاپىدۇ يىگى بىر جاھان.

تىنىپ كەتتىم ئۆيگە تىنىقتەك،
قارىيالماي قۇشنىڭ كۆزىگە.
ئىجاد قىپتۇ مىزان، پەلسەپە
ئىنسان پەقەت ئويلاپ ئۆزىگە.

قۇش يىنىدا تۇرۇپ چۈشەندىم،
يىراقلىقنى ئۇندىن شۇقەدەر.
سايەم چۈشكەن يەردىن يىراقلاپ،
ئۆركىشىدىن ئىچتىم مىڭ زەھەر.

2007 – يىلى 24 – نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مىراجىخان

كىمنىڭ جېنىنى ئالدىڭ ئۇ ئاخشام،
يۈرىكىگە قاداپ قومۇش نەي؟
توپان بالاسىمۇ كۆيۈگىنىڭ خۇلقى،
روھ ۋۇجۇدتىن ئۇزاپ كەتتى، ھەي!

دۇتار تارىسىدا تىلىمدىن ئاستىڭ،
پەرياد لەرزىدە سۇدەك ئېرىدىم.
مېنى ئۆچۈرمەن دەپ بولما ئاۋارە،
چوغۇڭ ئۈستىدە راھەت سەگىدىم.

سىرىق قۇشقاچمۇ مىراجىخان دەپ،
شادلىق ئۇۋۇسىغا باستى مىڭ ئەلەم.
كىمنى پارە قىلارسەن يەنە،
باغرىڭدىن كۆتۈرۈپ غوۋغايى ئالەم!

ئەي مىراجىخان، ئەي مىراجىخان،
چىرايلار زەپىران، ئاز قالدى بۇ جان ...

2007 - يىلى 29 - نويابىر، ئۈرۈمچى

## بۆشۈك ۋە تاۋۇت

بىر كوچىدىن تاۋۇت ئۆتىدۇ،
ۋۇجۇدۇڭنى لەرزىگە سېلىپ.
بىر كوچىدا ئانا كۈلىدۇ،
گۆھىرىنى بۆشۈككە ئېلىپ.

ئارىلىقى ئۆلۈم ـ كۆرۈمنىڭ،
نۆۋىتىدە چوڭقۇر بىر نەپەس.
ئەسلەپ باقساڭ كەچمىشلىرىڭنى،
دۇنيا پەقەت بىر سائەتلىك دەرس.

بىر تاۋۇتقا سىغىدۇ ئاخىر،
بۇ جاھانغا سىغمىغان يۈرەك.
يىلتىزىنى كېسىپ تىلەكنىڭ،
ئۆلۈم گۈلى ئاچىدۇ پورەك.

بۇ دۇنياغا قانمىغان كۆزدە،
پارچىلىنار ئاداققى شەبنەم.
قۇتۇلسەن شادلىق ـ قايغۇدىن،
تىرىكلەرنىڭ باغرىدا ئەلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئالقانغا چىقسەن پەقەت،
سالار چاغدا بۆشۈك ـ تاۋۇتقا.
تەقدىر شۇنداق سىلاپ ـ پەپىلەپ،
ئادەملەرنى چىقىرار يوققا.

2007 ـ يىلى 2 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى



## سىرلىق دۇنيا

زەن قويۇپ باق تەنھا دەرەخكە،
ئۇ تىپتىنچ بولار باراقسان.
يولۇقسىمۇ تۈمەن قىسمەتكە،
يېشىلدىن تۆكىدۇ داستان.

بىر كۈندە تۆت پەسىل كۆرسىمۇ،
ھېچكىمگە دەرد سۆزلىمەس ئاسمان.
باغرىدا مىڭ تىلەك كۆيسىمۇ،
قۇشنىڭ كۆزى يۇكسەكتە ھامان.

ئاي تەقدىردىن بولسىمۇ ھىلال،
سۈكۈت قىلىپ بولىدۇ تولۇن.
قانات سىلكىپ ھارسىمۇ شامال،
كۆكلەم ئىزدەر ھەممىدىن بۇرۇن.

تاغنى يۇدۇپ ماڭسىمۇ تۆگە،
تۆھپىسىدىن سالمايدۇ سۈرەن.
شۈكۈر قىلىپ كۆرگەن كۈنگە،
سايغا سىرداش ئۆتىدۇ جەرەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


يۈرىكىڭگە قولنى باق سېلىپ،
نېمە قىلىپ، نېمىگە يەتتىڭ.
سەن كېتسەن دۇنيا قېپقېلىپ،
بويۇنتاۋلىق ئەمەستۇر ھەددىڭ.

2007 - يىلى 3 - دېكابىر، ئۈرۈمچى



# بىر كۆزنەك مەندە

ئۆتۈپ كەتتىڭ ئالدىمدىن،
بىر كۆزنەك مەندە.
باش كۆتۈرمەي ئولتۇردۇم،
بىر كۆزۈم سەندە.

چىلىكگىگە سۇ لىقلاپ،
قايتتىڭ ئۆيۈڭگە.
شەبنەم بولۇپ تامچىغۇم
كەلدى سۈيۈڭگە.

تۇرمىغاندەك تۇردۇم جىم
مەن سىنى كۈتۈپ.
قاراپ تۇردۇم بوي - قارىڭ
كەتكۈچە يىتۈپ.

بارمۇ - يوقمۇ شۇ تاپتا
يۈرىكىم تەندە.
شۇنداق يۈرۈش بولغانمۇ
ماڭا بەخشەندە.

2007 - يىلى 4 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مەن ئاسمانغا ياغدىم

مەن ئاسمانغا ياغدىم بۇ ئاخشام،
يامغۇر كەبى نەۋباھار بولۇپ.
ئاسمان سۈزۈك شادلاندى ـ كۈلدى،
قات ـ قېتىدىن زەۋقىگە تولۇپ.

ئاق بۇلۇتنىڭ دىلىغا سىڭدى،
ئەزگۈلۈككە ئىنتىلگەن قەلبىم.
شاماللارنىڭ ئۈستىگە مىندى،
بوران ئىزدەپ يۈرگەن تىنىقىم.

ئەكس سادا ئىزدىدى كۆكتىن،
مەنىلەرگە ئىنتىلگەن تىلىم.
چەكسىزلىككە يايدى گۈلستان،
كۆكلەم تامچىپ تىنچىماس سىرىم.

ئارىسىغا كىرىپ يۇلتۇزنىڭ،
ياندى كۆزۈم سامانيولىدا.
ئاي سىرداشتى ئەقدەم بىلەن،
ئاسماندىكى كۆلنىڭ بويىدا.

مەن ئاسمانغا ياغدىم بۇ ئاخشام،
كۆك بەختىگە يۇلتۇزدەك يورۇپ.
ئاسمان ماڭا ياغماقچى بولدى،
زۇمرەت بولۇپ، نەۋباھار بولۇپ.

2007 - يىلى 5 - دېكابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مەن ئاشىق

مەن ئاشىق
ۋىسالدىن يىراق، ھىجرانىغا يېقىن.
ئوت كۆزىدە باقمايدۇ بەخت،
لەۋلىرىم چاك ـ چاك، قەلبىمدە ئېقىن.
سەۋر قاچام تاشمايدۇ ئاسان،
تۇيغۇلىرىم باغرىمدا چېقىن.
تەنھا يۈرۈيمەن ئۈنسىز قۇش كەبى،
پەقەت دەردىمنى قۇش بىلەمدىكىن؟

مەن ئاشىق
باھاردىن يىراق، سوغۇققا يېقىن،
گۈل بىلمەيدۇ مېنىڭ ئىسمىمنى،
ئوقۇمايدۇ يازغان خېتىمنى.
سۆزلىشمەن قارا تاش بىلەن،
يىغلىشمەن تۈندە ياش بىلەن.

مەن ئاشىق
تۇغۇمغا يىراق، ئۆلۈمگە يېقىن،
ئانام مەندىن ھال سورىمايدۇ،

چۈنكى ئاشقلىق گۈلدەك پۈرىمايدۇ.
سۆيگۈ قوشقىغا ئايلاندى جىسمىم،
ئاشىق ناخشىسىغا ئۆزگەردى ئىسمىم،
مەن ئۇپۇققا تۇتاش بىر ئاشىق.
تاغدەك ئېغىر يوللاردا ماڭغان،
يوللار مەندىن يول سوراپ ھارغان...

2007 - يىلى 6 - دېكابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىيېقتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تەنھالىق Ⅱ

بوران ئۇنلەيدۇ تەنھالىقمدا،
بىر ئاۋاز ئاڭلىنار يەرنىڭ تەكتىدىن.
ئۆزۈمدىن يىراقلاپ كېتمەن بۇدەم،
بىلىق كۆتۈرۈلگەندەك سۇنىڭ قېتىدىن.

يۇرەك قەپىسىدىن قاڭقىپ چىقىدۇ،
ئۇچۇرما قۇشلارغا ئۆگىنىپ پەرۋاز.
ئاي ھۇجرىسىنى سىيلاپ لەرزىگە،
يۇلتۇزلار ئارىسىدىن يىغىدۇ ئاۋاز.

سىم ـ سىم يامغۇرغا ئوخشاش خىيالدا،
تەنھالىق ئىچىگە كېتمەن سىڭىپ.
ئۆزۈمنى ئۆزۈم باقسام چاقىرىپ،
ئەكس سادا كېلەر يۇرەككە مىنىپ.

2007 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

## سېغىنىش

ئويلىساڭ چۈشۈمگە كىرەتتىڭ دەيسەن،
ئۆتكەن بىر كۈنۈم يوق سېنى ئويلىماي.
سېھىرلىك ھېسلارغا تولغان كېچىنى،
سەنمۇ ئۆتكۈزگەنسەن بەلكى ئۇخلىماي.

يورۇق يۇلتۇزلاردەك ئوتلۇق خىيالدا،
تارتىپ ئولتۇرىمەن ھىجراننى ـ دەردنى.
سۆيگۈگە لىق تولغان ناخشىلار بىلەن،
چىرايلىق بېزەيمەن ھەربىر سائەتنى.

سېغىنىش دەملىرى تاتلىق شۇقەدەر،
تۇيغۇمدا چاقنايسەن مىسلى ئاي بولۇپ.
قەلبىمدە ئاقىدۇ بىر ئەزىم دەريا،
ئەقىدە، ۋاپانىڭ سۈيىگە تولۇپ.

ئويلىساڭ چۈشۈمگە كىرەتتىڭ دەيسەن،
ماڭا ئادەتتۇر بىر سېنى ئويلاش.
ئەگەر ئېيتالىساڭ كۆڭۈل سىرىڭنى،
بەلكى ئىككىمىزنىڭ كۈنلىرى ئوخشاش.

2007 ـ يىلى 28 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئوت

ئۆز ـ ئۆزۈمگە ياققاندا ئوتنى،
ئۆيگە سىغماي قالار يورۇقۇم.
تاڭ قالدۇرۇپ كۆكتە بۇلۇتنى،
شاخقا قونار ياپپېشىل زوقۇم.

توختاپ قالار دەرەخ تۈۋىدە،
كەپسىزلىككە مىنگەشكەن شامال.
شامال باققان شۇ دەقىقىدە،
مەن كۆيىمەن ئۆيدە بىمالال.

قاراڭغۇغا تويمىغان كېچە
ماڭا دەھشەت تەتۈر قارايدۇ.
مېنى ئىزدەپ تاڭ ئويغانغىچە،
چوغلىرىمدىن چېچەك پۈرايدۇ.

مەنزىلگاھى ـــ چېكى يوق مەندە،
ھۇزۇرلىنىپ كۆيۈش ـ يېنىشنىڭ.
دىرىزىسى ئېچىلار تەندە،
ئوت سالقىنداپ تۇرغان بېھىشنىڭ.

2008 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئانا

ئانا مېنى تەستە ئۇزاتتىڭ،
كۆزلىرىڭگە ئىسسىق ياش ئېلىپ.
جۇدالىقنىڭ ئېغىر دەردىنى،
يېشىڭ بىلەن قويدۇڭ پاش قىلىپ.

قوللىرىڭنى كۆتۈردۈڭ كۆككە،
ئېقىن سۇدەك ئاقتى تىلىكىڭ.
گويا قۇشتەك كۆكسۈمگە قوندى،
بېغىشىدىن ئاجراپ يۈرىكىڭ.

قىيامەتنىڭ ئىچىدە قالدىڭ،
ئەس ـ ھوشۇڭنى مەن ئېلىپ كەتتىم.
كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى بىلىپ،
بىر گۈلخاندا مەن كۆيۈپ كەتتىم.

ئۆلتۈرسەن بەلكى دەرد بىلەن،
ئېڭىكىڭنى تىزىڭغا قويۇپ.
بۇ جاھاندا ئۆتمەمدۇ زىنھار،
ئانا باغرى بالىغا تويۇپ.

2008 ـ يىلى 8 ـ مارت، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تەنها دەرەخ

تەنها دەرەخ كىچىدە،
ئۇچار چۈشنىڭ ئىچىدە.

يوللار كېلەر هەر ياندىن،
نۇر چۈشكەندەك ئاسماندىن.

تەڭگە ـ تەڭگە يوپۇرماق،
يانار بولۇپ كۆك چىراق.

يەر ئىنتىلەر يۈكسەككە،
يەتمەك بولۇپ تىلەككە.

يىلتىز غولى چىرمىشار،
بىر ـ بىرىنى قوغلىشار.

كېچە باهار ئۈنىدە،
كۆلەر دەرەخ تۈۋىدە.

2008 ـ يىلى 13 ـ ماي، بېيجىڭ

## سائەت مۇنارى

مۇناردا سائەت، سائەتتە مۇنار،
ۋاقىت باقماقتا تەرەپ ـ تەرەپكە.
ھەر دەقىقىگە بىر زامان قونار،
كەچمىشلەر چاقنار ئوخشاپ سەدەپكە.

ئۇۋا چۆرگىلەپ ئۇچقان ئىستىرىلكا،
يەتمەك بولغىنى ئاخىرقى مەنزىل.
مۇنار تىنىقىدا ئۇچار لىرىكا،
ئەتراپقا تارار ھىجراندىن پەسىل.

سائەت، مۇنار تۇتاش ئىككى تەن،
مۇقەددەسلىكى تالىق ئۆزىگە.
ئەمما بىر ـ بىرىگە بولدۇ ۋەتەن،
سائەت يۈرەكتۇر مۇنار كۆكسىگە.

2008 ـ يىلى 15 ـ ماي، بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تىلەك

سۆيگۈ گۈلۈم ھەر كۈنى سەھەر،
شەبنەم بولۇپ تاماي بەرگىڭگە.
چوغنى خىجىل قىلغان قاتلىرىڭ،
ماڭا ئوخشاش قانسۇن دەردىڭگە.

باغرىمدىكى مۇقەددەس داغدىن،
ئۆرنەك ئالسۇن ھەربىر پورىكىڭ.
ئېتىز بولۇپ تۇرغان قەلبىمدە،
بەرق ئۇرسۇن ئارزۇ ـ تىلىكىڭ.

ھىدلىرىڭدىن مەست بولغان شامال،
خىيالىمغا كەلسۇن ئايلىنىپ.
سېنى ساقلاپ تۇرغان نىگاھلار،
ئۇخلاپ قالسۇن ئېغىر ئۇھسىنىپ.

2008 ـ يىلى 16 ـ ماي، بېيجىڭ

# بازغانچى تۇرسۇن

1

دادىسىغا ئەگىشىپ تۇرسۇن،
كۈزدە ئۇچقان شامالدەك،
قوۋۇقنى چەكتى شەھەرنىڭ.
كىرىپ ئىمارەت باغچىسىغا،
تۇنجى كۆرۈپ بولدى ھەيرانە،
قۇياشسىز يورۇغىنىنى سەھەرنىڭ.

2

ئورۇن ئىزدىدى تۇرسۇن،
مايلامچىلىق قىلماقچى بولۇپ.
گازىرچىلىق قىلماقچى بولدى،
كەچ ئۇخلاپ، سەھەر تۇرۇپ.
سۇ سېتىپ باقماقچى بولدى،
چېلەك ئىزدىدى.
پوكانچىلىق قىلماقچى بولدى،
يۈرەك ئىزلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



3

مەدىكار بازىرى دوقمۇشى،
چۇخچىلانغان ھەرە كۆنىكى.
بىر ئىش ئۈچۈن يۈز ئادەم ئۆچرەت،
مەدىكارلارنىڭ مۇشەققەتتە سەگەر يۈرىكى.

4

قۇرۇپ ــ ئۆنۈپ تۇرىدۇ بىنا،
ئۆنگىنىگە ئىنتىلەر دۇنيا.
كەلدى ئامەت تۇرسۇنغا
سۇدەك ئاقتى پارچە خىشنىڭ ئارىسىغا،
بازغان ئۇردى بېتونلارنىڭ يارىسىغا.
قالدۇق كېسەك، قالدۇق تاش،
ئاغرىق شىر دەك ياتار يانپاشلاپ.
بەلدىن كەتكەن پولات چۆبىقلار،
ئال دەر تۇرسۇننى ئاۋايلاپ.
ئەتىگەندىن كۈن پاتارغىچە،
پولات چۆبىق يىغدى بىر قولتۇق،
بولدى ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتلۇق.
ئەسكى ــ تۈسكى يىغىۋالغۇچى
كۆز چەندە پۇل سۇندى ئاغا.
تۇرسۇن پۇل تۇتتى

خۇشلۇقنى بىر يۇتۇم سۇدەك،
ئۇلۇغ نەپەستە ئىچكە يۇتتى.

5

كېچە كۆرگەن چۈشنى تۇرسۇن،
بازغان ئۇرۇپ تۇرۇپ ئەسلىدى،
زىيدە تاملار ئىزدەپ كەلگۈدەك،
ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرغۇدەك،
مېنى تېزرەك چاقىرىن دېگۈدەك.
ئۇنىڭغا جىق پارا بەرگۈدەك،
بەزىدە تۇرسۇن يىراق قاچقۇدەك،
چۈشىغا مىنىپ خىشلار يۈگۈرۈپ كەلگۈدەك...



6

ياماقچى ئاياغقا قويغاندەك قاراپ،
تۇرسۇن ماڭىدىغان بولدى،
ئىگىز - ئىگىز بىنانى بويلاپ.

2008 - يىلى 6 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئۈمىد

خەنجەر بىسىدا يېتىپ باققۇم بار،
ئۆزۈمنى قايتىدىن ھېس قىلىش ئۈچۈن.
زەھەرنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ باققۇم بار،
قەھرىدىن ئىچ - تېشىم بولسىمۇ تۈتۈن.

چوغقا ئايلىنىپ كۆيگەن دەملەردە،
يۈرەكتىن چىقاتتى يېڭى بىر ئاۋاز.
ۋۇجۇدۇم شۇندىلا قانات چىقىرىپ،
شامالغا ئۆگىتىپ قوياتتى پەرۋاز.

خىياللار بەزىدە شۇنچە بىمەنە،
ئۈمىدنىڭ رىتىنى قويىدۇ بۇزۇپ.
سىلكىنىپ قايتىدىن ھوشۇمغا كەلسەم،
تۇرىدۇ كېلەچەك قولىنى سوزۇپ ...

2008 - يىلى 10 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## شائىرلىق

ئانا مىنى شائىر تۇغۇپسەن،
باغرىڭدىكى دەردكە يۇغۇرۇپ.
مىسرالارغا يىلتىز ئۇلىدىم،
تېنىمدىكى جاننى سۇغۇرۇپ.

مەن ياشايمەن باشقا ئاسماندا،
كۆڭۈل ئورنىدا كۆيەر يۈرىكىم.
يۇلتۇزلاردەك يورۇپ تۇرىدۇ،
ياشقا چۆككەن ئارزۇ - تىلىكىم.

پىغانىمنى باشلايدۇ سەھەر،
ئېچىرقىغان خەنجەر ئۇستىگە.
تاغ يىقىلىپ بولىدۇ ئۆرە،
كۆڭلىدە نەچچە شائىر كۆكسىگە.

بۇ دۇنيادا رىزقىم بار ئىكەن ،
ئاش ئورنىغا يەيدىغان ئەلەم.
تۈن تەڭگىچە تەسەللى ئىزدەپ،
مەن بىلەن تەڭ يىغلايدۇ قەلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئانا مېنى شائىر تۇغۇپسەن،
قىسمىتىمگە يېمەيمەن ۋايىم.
تەلىيىم بار دەيمەن نەقەدەر،
شامال بولۇپ ھۇۋۇلسا ئاھىم.

2008 - يىلى 6 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



## يېشىل يوپۇرماق

يېشىل يوپۇرماق، يېشىل يوپۇرماق،
ئۇخلاۋاتامسەن ۋە ياكى ئويغاق؟
مەن ئۇخلىمىدىم، كۆرۈۋاتامسەن؟
دىلىمدىن ئۆسۈپ تەپەككە پىراق.

يېشىل يوپۇرماق، يېشىل يوپۇرماق،
قويمەن سېنى بەزىدە سىلاپ.
نېمىلەرنى ئويلايدىغانسەن؟
تۈننىڭ نىسپىدە ئۆكسۈسەم يىغلاپ.

يېشىل يوپۇرماق، يېشىل يوپۇرماق،
ساڭا ئايلانغۇم كېلىدۇ گاھى.
بۇزسام چۈشۈڭنى كەچۈرگىن، چۈنكى
تۈندە ھۇۋلايدۇ ئاشىقنىڭ ئاھى.

2008 - يىلى 12 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


## شۇنداق بىر كۈندە

بۇ دۇنيانىڭ ئەلەم ـ قايغۇسى،
ئۇنتۇلدۇ شۇنداق بىر كۈندە.
تۈنۈگۈنكى تۈككەن يېشىڭدىن،
قۇت يۇلتۇزى ياندۇ تۈندە.

مەست قىلدۇ دەملەر ھۇزۇرى،
ئازابلارنىڭ بۇلۇتى تاراپ.
دوست ـ دۈشمەننىڭ كېلەر يېنىڭغا،
پورەك ئاچقان گۈللەرگە ئوخشاپ.

سولدىكى ئىش ئوڭغا تارتىدۇ،
دېرىزەڭگە ئايدىڭ لىقلىنار.
نۇرغا تولۇپ تۇتقان ـ تەرگىنىڭ،
كۆز ئالدىڭدا بېھىش تاۋلىنار.

يۈيۈلىدۇ شۇنداق بىر زامان،
بىر زاماننىڭ قۇللىرى بىلەن.
قارا تاشتا يورۇيدۇ كۆزلەر،
بۇ جاھانغا لىق تولۇپ لەۋەن.

تۆت تەرەپتىن يامراپ كېلىدۇ،
سېنى ئىزدەپ بەخت كەلكۈنى.
سائادەتنىڭ كۆركەم بېغىدا،
شاد يايرايسەن ئۇنتۇپ ھەممىنى.

2008 - يىلى 12 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بىر ئادەمنىڭ ئىككى ھېكايىسى

بىر ئادەمنىڭ ئىككى ھېكايىسى،
بىر دەرەخنىڭ ئىككى تال شېخى.
بىرى كۆكەرسە يورەك شەكلىدە،
بىرى قۇرۇيدۇ چىرىپ قوۋزىقى.

بىر ئادەمنىڭ ئىككى ھېكايىسى،
تۇن بىلەن تاڭغا ئوخشاش بولۇنگەن.
دەۋر قىلىپ ۋاقىت قولىدا،
بىرى مۆككەن، بىرى كۆرۈنگەن.

بىر ئادەمنىڭ ئىككى ھېكايىسى،
چۆل بىلەن دەرىيادەك ئايرىلغان.
سۇ دەرد تارتىپ ئىككى ئارىدا،
ئۆز - ئۆزىگە ئېقىپ يىغلىغان.

بىر ئادەمنىڭ ئىككى ھېكايىسى،
بىر تەقدىرنىڭ سوغۇق - قىزىقى.
قوشمەن دەپ ئايرىپ تاشلىغان،
ئارىدىن ئۆتكۈچە مېھىر سىزىقى.

بىر ئادەمنىڭ ئىككى ھېكايىسى،
قەلبنى قويدۇ ئىككىگە بۆلۈپ.
ئىككىلا ھېكايە خاتىمىسىدە،
تۇرىدۇ شادلىق ھەم قايغۇ كۈلۈپ.

2008 - يىلى 14 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## شېئىر بىلەن بەسلىشىش

شېئىر چۈشمىگەن بىرمۇ كېچە يوق،
ئۇيقۇدىمۇ باغرىمدا ئەلەم.
سەھەردىن تاكى ئەلياتقۇغىچە،
مىسرا كەينىدىن ئالىمەن ئەلەم.

شېئىرنى تۇيدۇرماي يازاي دېگۈچە،
كېلەر ئالدىمغا ئۇ خەنجەر ئېلىپ.
سالار كۆكسۈمگە، كېتىدۇ شۇندا
يۈرەكنىڭ قېنى قەغەزگە تېمىپ.

شۇ چاغ شېئىر چىقار پىغاندىن،
رىقابەتتە مېنى يەڭدىم دەپ.
شۇنداق قىسمەتكە كۆنۈپ قالغاندەك،
خەنجەر خۇمارىم كېتىدۇ ئەدەپ.

بەزەن كۆنلىرى مەن ئۇنى ئىزدەپ،
چىقمەن كۆككە ئايلىنىپ قۇشقا.
بەزەن كۆنلىرى تارام - تارام ياش،
ھەمدەم بولىدۇ مەندەك بىھوشقا.

بەزىدە كۆيۈپ يانار ئىچ ـ تېشىم،
شىرنىلىك سېزەر ۋۇجۇد شۇندىمۇ.
يالاڭ ئاياغ چىقمەن سىرتقا،
زىمىستان قورشاپ ئالغان كۈندىمۇ.

ئۇنىڭ خۇمارى ماڭا چاپلاشقان،
چاپلاشقاندەك گويا تەن جانغا.
مەندە نە ئامال شۇنداق تەقدىردە،
كەلگەن تۇرسام ئۇشبۇ جاھانغا.

نېمە خىسلەت باركىن شېئىردا،
تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قالىمەن ئېزىپ.
مەن شېئىرنى يازدىم دەپ يۈرسەم،
ئۇ قەلبىمنى قويۇدۇ سىزىپ.

2008 ـ يىلى 3 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

كتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇر
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## تارىم بېلىقى

دىنازاۋۇرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى،
چۈشتىمۇ بېشىڭغا تارىم بېلىقى؟
قايىسى داغدا، قاچاندا ئۆچتى،
كۆكسۈڭدىكى تاڭنىڭ يورۇقى؟

سەن سۇ باشلاپ ماڭغان بۇ يولنىڭ،
ھېكايىسى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن.
روھ باراقسان بولغان قىرغاقتا،
ئاي تەلمۈرگەن تولىمۇ بۇرۇن.

ئەسلىمەڭنىڭ قايىسى بابىدا،
سەن ئوينىغان توغراق سايىسى.
ئارىمىزنى ئىككىگە بۆلدى،
قۇملار تۇتقان پىچاقنىڭ بىسى.

قىلىقلىنىپ ئاققان دەريانىڭ،
ئارقىسىغا بىر يېنىپ باقسا.
قۇم باغرىدا ياتقان ئەقدە،
سەن بىلەن تەڭ قوشۇلۇپ ئاقسا.

سۇ ئىچكىلى چۈشەتتى كۆكتىن،
تېنىدىن قان تەپچىگەن دۇلدۇل.
ئوقۇردىكى ئەجداد ھىدىنى،
پۇرىغلى كېلەتتى ئۇدۇل.

ئۇلتۇرغۇزۇپ سېنى كېمىگە،
كۈن كەينىدىن بىللە ماڭاتتىم.
زىيارىتىڭ ياققان چوغداندا،
يۈرىكىمنى كاۋاپ سالاتتىم.

2008 - يىلى 21 - دېكابىر، ئۈرۈمچى





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بۇ جاھان

تۇغۇلدۇ كېچىدىن سەھەر،
گۇگۇم بولسا كۆكنىڭ تولغىقى.
قارا تاشنىڭ باغرىدا گۆھەر،
بىر ھېكمەتتە چاقنار يورۇقى.

ئاي پارلىسا زۇلمەتتە ھەسەت،
قارا بۇلۇت ئۇنىڭ پىغانى.
كۈن كەينىدە تۈمەن مىڭ ھەسرەت،
بوران بولۇپ باسار دۇنيانى.

گۈل باغجانلاپ ئۆسكەن تۇپراقتا،
كۆكلەر تىكەن بىر دەرد ـ ئەلەمدىن.
بىرى يىغلار ئوتلۇق پىراقتا،
مېھىر ئىزدەپ ئۆتنە ئالەمدىن.

كەپتەرگە شاخ بولغاندا قونداق،
لاچىن يىغلار باغرى بولۇپ قان.
بۇ ھاياتنىڭ قىسمىتى شۇنداق،
بىر ـ بىرىگە چىدىماس جاھان.

2008 ـ يىلى 25 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

## جاڭگالدىكى ئەزىز

گۈلخان كۆيەر كۆككە ئەركىلەپ،
نۇر چېچىلار نۇرنى قوغلىشىپ.
ئۆتتەك يېنىپ ماختىنار ئەزىز،
مىڭ ئۆچكىگە جاڭگالنى قوشۇپ.

بۇ دەل بۇيا، يالپۇز پىششىقى،
ئەس ـ ھوشنى يوقاتقان شامال.
ئاققان يۇلتۇز جاڭگالغا قونۇپ،
جىمجىتلىقتا قىلىدۇ خىيال.

شورتاڭ بىلەن بولۇپ تىلەكداش،
ئۆتكۈزۈپتۇ ئەزىز ئۆمرىنى.
بوز تورغاينىڭ ئۈنلىرى بىلەن،
كۈنلىرىگە بېسىپ مۆھرىنى.

پاراغەتنىڭ مىزانى ھەر خىل،
شاھ بۇ يەرگە كەلسە دىۋانە.
ئۇ ياشاپتۇ ھۇزۇرى چەكسىز،
دۆۋلەرنى قىلىپ ئاستانە.

2009 ـ يىلى 8 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تاش ھەسەل

بىر خىلۋەتتە ياشاپ ئۆتتى ئۇ،
باللىقتىن بوۋاي بولغىچە.
ھەمراھ بولدى قويچى راۋابى،
يۈرىكىدە يورۇدى كېچە.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلغاندەكلا،
قاپتالدىكى ياۋا گۈل — رەيھان.
پادىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ،
تىلسىملارنى ئىزدىدى ھەرئان.

جىرادىكى كېيىك ـ جەرەندىن،
ئۆگەندى ئۇ قانداق ياشاشنى.
چەكسىز سايغا ئايلاندى كۆڭلى،
زەر كىتاب دەپ بىلدى بىر تاشنى.

ئايىنى كۈتۈپ، ئۇزاتتى كۈننى،
ياندى يۇلتۇز قېتىغا كىرىپ.
ۋۇجۇدىغا ھېكمەت جۇغلىدى،
تەبىئەتتىن تىنىمسىز تېرىپ.

ساپ شىرنىگە ئايلاندى ئۆزى،
ئادەملىكى شۇنچە تەبىئىي.
ئەمما يۈرەر نەزەردىن يىراق،
ئۆڭكۈردىكى تاش ھەسەل كەبى.

2009 - يىلى 10 - فېۋرال، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۆيىمىزدە

ئۆيىمىزدە
بىرىمىز زېمىن، بىرىمىز ئاسمان،
بىرىمىز بارخان، بىرىمىز يامغۇر.
بىرىمىز تامىمىز، بىرىمىز قانىمىز،
بىرىمىز ۋىجدان، بىرىمىز غۇرۇر.

ئۆيىمىزدە
بىرىمىز چېچەك، بىرىمىز سەلكىن،
زىمىستاندىمۇ باھار يايىمىز.
بەزى گۈلۈمدەك بولساقمۇ غەمكىن،
ئۆپۈقنى كۆزلەپ ئۇچار غايىمىز.

ئۆيىمىزدە
بىرىمىز كۆز، بىرىمىز لىق ياش،
بىرىمىزنى ئەتكەندە باغاش.
ۋاقىت تىنىقتىن توختاپ قالىدۇ،
سۆيگۈ بىزدىن نەپەس ئالىدۇ.

ئۆيىمىزدە
بىرىمىز شاھ، بىرىمىز خانىش،
خۇشاللىق تۆردە، غەملەر پەگاھدا.
بەلكى شۇنداق ياشاپ ئۆتىمىز،
سۆيۈشتىن يانغان ئەكس سادادا.

2009 - يىلى 16 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

## مەن ئۆيىنىغان كوچىلار

باللىقتا مەن ئۆيىنىغان كوچىلار،
ئەسكە چۈشسە يۈرىكىمنى پۈچىلار.

دوقمۇشىدا شامال ئويناپ تېرەكلەر،
سالقىنىدىن تۆكەر ئىدى تىلەكلەر.

توپىسىدىن توزار ئىدى غايىسى،
ئېرىقىدىن كەتمەيتتى ئاي سايىسى.

پەرىشتىلەر چۈشۈپ زېمىن ئاچاتتى،
يۇلتۇز مەندىن شولا ئېلىپ قاچاتتى.

زەن سالاتتىم ئۇندا چوڭقۇر گەپلەرگە،
گاھ قوناتتىم خىيالىمدا ئەختەرگە.

شورا مىنىپ تەرلىتەتتىم ئاپتاپنى،
چىنتۆمۈردەك تىترىتەتتىم ئەتراپنى.

تۆت پەسىلدە باھار ئىدىم كوچىدا،
بەختلىكتىم يۇلتۇزلارنىڭ بۇرجىدا.

بۈگۈن چۈشتۇر باللىقنىڭ ھۇزۇرى،
لېكىن دىلدا شۇ كوچىنىڭ مۆھۈرى.

2009 - يىلى 4 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





## بەلەن قىز

ئانىنىڭ سائادەت يۇلتۇزى بولۇپ،
ئاتا ۋۇجۇدىغا بىرەر ئىپتىخار،
مەھەللىنى شەپەققە ئوراپ،
گۈلسۇرۇختەك خۇشبۇي ھىد چاچار،
كېپىنەكنىڭ چۈشىگە كىرىپ،
كۆزلىرىدىن تاڭ سەھەر ئاچار،
بەلەن قىز.

ئەگەشتۈرۈپ شەرم - ھايانى،
كوچىلارغا سېپەر شامالدەك،
كۆرۈنىدۇ كۆزلەرگە ئىسسىق،
زەردىن چىچەك باسقان رومالدەك،
قەلبلەرنى سىرغا ئورايدۇ،
پەرىشتىلەر قىلغان خىيالدەك،
بەلەن قىز.

دىلدىكى پىكىر - تاۋۇشى،
ئانىسىدىن باشقىغا پىنھان،
پاكىزلىقى، ساپ دىللىقىنى،
ئاي قىچقىرىپ قىلىدۇ مېھمان،

نىيتىڭگە لايىق قۇت تىپىپ،
ھەممە دىلدا بولۇر بىر ئارمان،
بەلەن قىز

چوڭ بولسىمۇ كۆلتۈك كەپدە،
ئەتراپىغا يۆرەك ئىز سالار،
تۆت ئەتراپى بولسىمۇ جاڭگال،
يانتىقىغا بۇلبۇللار قونار،
گۆزەللىكتە بولۇپ ئەركەخان،
بۇ دۇنيانى قولىغا ئالار،
بەلەن قىز.

2009 - يىلى 15 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# دەرەخ يىغلارمىش

بۇ باھاردىن ئۇ باھارغىچە،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ دەرەخ يىغلارمىش.
باغرىدىكى ئەلەم ـ ھەسرىتى،
ياپراقلاردا شامال تۇغارمىش.
چېچەك يۈزى كۆرمەستىن تېخى،
كېسىلگەندە ناتىۋان شېخى.

ئاھلىرىنى ئاسمانغا ئېيتىپ،
ئېقىپ ـ ئېقىپ دەرەخ يىغلارمىش.
يىلتىزىدا ئازاب دولقۇنلاپ،
شاخلىرىدا شەبنەم يانارمىش
چۈۋۈلغاندا ئىسسىق ئۇۋىسى،
نالە قىلسا قۇشنىڭ بالىسى.

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ غول شېخى،
غەمگە پېتىپ دەرەخ يىغلارمىش.
شاماللاردىن كۈندە نەچچە رەت،
قەبرىستانغا تىلەك يوللارمىش:
جەننەت كۆرسۇن، دەپ ئالتۇن بېشى،
ئۆلسە دەرەخ ئۆستۈرگەن كىشى.

2009 ـ يىلى 18 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## ئوت كېتىدۇ ماڭا بىر كۈنى

ئوت كېتىدۇ ماڭا بىر كۈنى،
سەنمۇ ئۇقماي قالىسەن ئۇنى.
ئويغاتقىلى كەلگەندە مېنى،
تۆشكىمدە كۆرىسەن كۈلنى.
كۈل قېتىدا قوقاس يېلىنجار،
ئۇ قەلبىمدە ئېچىلغان گۈلدۇر.
دېرىزىگە شامال تەلمۈرەر،
ئۇ كۈللەرنى چىللىغان يولدۇر.

ئوت كېتىدۇ ماڭا بىر كۈنى،
ئەجابەتسىز يىغلار تىلىكىم.
تۈتۈن بىلەن ئۇچۇپ كېتىدۇ،
قۇشقا ئوخشاش مېنىڭ يۈرىكىم.
بىر زاماننىڭ ئېسىگە كەلمەي،
ئۈزۈنغىچە بولماس دېرىكىم.
كېچىلەردە دەرۋىشكە ئوخشاش،
ئىشكىلەرنى چېكەر ئىدرىكىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئوت كېتىدۇ ماڭا بىر كۈنى،
ئوت تۇتىشار ئىچىمدىن تۈتەپ.
ئۆچۈرۈشكە ئۈلگۈرمەس ھېچكىم،
بوران كەبى كۆيسەم گۈرۈلدەپ.
توزۇپ كېتەر يېكەن گۈلدەك،
تۇيغۇلىرىم چۈشۈمگە ئوخشاش.
چۆلگە قونسا، چۆل سۇغا قانار،
تاغقا قونسا، تاشلار تولغىنار.

ئوت كېتىدۇ ماڭا بىر كۈنى،
بىر ئۆزۈملا بىلىمەن بۇنى ...

2009 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## مەشىق

پىششىق مەشىق قىلىۋاتىمەن،
تۈندە يۇلتۇز كەبى يېنىشنى.
ئىلاھلارنىڭ كۆز يېشى بولۇپ،
گۈل مەغزىگە ئېقىپ ـ تېمىشنى.
قۇچقىمغا بىر جاھان ئېچىپ،
كۆڭۈل بېرىپ، كۆڭۈل ئېلىشنى.

پىششىق مەشىق قىلىۋاتىمەن،
دەريا بولۇپ دولقۇن ياساشنى.
گەر ھەقىقەت تاغلاردا بولسا،
ئاھۇ كەبى يالغۇز ياشاشنى.
مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن،
سىماب كەبى ئېرىتىپ تاشنى.

پىششىق مەشىق قىلىۋاتىمەن،
يىلتىز كەبى يەر بېغىرلاشنى.
قانىتىمنى بۇلۇتتا بىلەپ،
دەرەخلەردە قۇشتەك ئۇخلاشنى.
ئەقىدەمنىڭ ئالدى تورالسا،
يۈرىكىمدە جىمجىت يىغلاشنى.

2009 ـ يىلى 6 ـ ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئەللەي، چوغ

باغرىڭدا نە ئارمان ـ ئىستەك بار،
يانسەن پاتماستىن ئوچاققا.
تۇيغۇمدا بىر دەستە چېچەكسەن،
ئالايمۇ مەن سېنى قۇچاققا.

نېمىگە بىدارسەن تۈن تەڭدە؟
ئۇخلىغىن، ئويغىتاي سۈبھىدە.
دەرىخا، كۆڭلۈمنى چۈشەنگىن،
ئوي قىلسام بۇ تەنها كۈلبىدە.

شامالغا سېنى يوق دەپ قوياي،
كۈل يايای كۆزۈڭنى ئېتىۋال.
بۇ قىشنىڭ تۈنلىرى ئۇزۇندۇر،
ماجالىڭ كەتمىسۇن يېتىۋال.

ئەللەي چوغ، سىردىشىم، غەمخانىم،
بىر ئوتتا ياندۇ قەلبىمىز.
يانغىنىدىن تاپايلى پاراغەت،
چۈشلەردە يۈيۈلسۇن دەردىمىز.

2009 ـ يىلى 8 ـ ماي، ئۈرۈمچى

## سادىر ئۆڭكۈرى

دەريا قىلىقلىنار كۆن قىزىلىدا،
شاۋقۇنى باغلايدۇ كۆك بىلەن يەرنى.
سۇ ئەمەس، نۇر ئىچتىم ئوچۇم - ئوچۇملاپ،
باغرىمغا لىقمۇلىق ئالدىم سەھەرنى.

قوشاق ئېيتىپ كېلىپ ياۋاگۈل ھىدى،
سىرلار ئۇۋۇسىنى سالدى دىلىمغا.
تومۇرۇم كۆپچۈدى دولقۇن شەكلىدە،
ھەي، ئۆچمەس ئوت كەتتى مېنىڭ قېنىمغا.

ئەنە مالىنخاي كىگەن ئاقساقال بوۋاي،
قۇياشنى كۆتۈرۈپ چىقتى ئۇپۇققا.
تورغايلار سايرىدى يەتتە بوغۇملۇق،
بىر تاغنىڭ قاپتىلى ئايلاندى چوغقا.

ئۇ يەردە بار ئىمىش سادىر ئۆڭكۈرى،
ئوخشىتارمىش قۇشلار ئۇنى مەكتەپكە.
روھىمغا تارىختىن دەرس تولۇقلاشقا،
قوشۇلدۇم لاچىنلار تىزىلغان سەپكە.

2009 - يىلى 10 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## دەرەخنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

بىر باھاردا تۇغۇلدى دەرەخ،
يەر كۆكسىگە باغرىنى يېقىپ.
قۇشلار كەلدى تەرەپ ـ تەرەپتىن،
تۇغۇلغان كۈن كۈينى ئېيتىپ.

شامال ئىللىق تىنىقى بىلەن،
ياپراقلارنى تاتلىق پۈركىدى.
چۈمۈلىلەر ئۈزۈن سەپ تارتىپ،
شاخ ـ شاخلاردا مەشرەپ ئوينىدى.

قوزا چۈشتە كۈننىڭ شولىسى،
چاچقۇ چاچتى ئالتۇن ـ تىللادىن.
يىلتىزلارنىڭ ئويغاق قەلبىگە،
تىلەك ئېقىپ كىردى سۇلاردىن.

كۆك ئاسماننىڭ سۆزۈك خىيالى،
ئاستى دەرەخ بويىنغا ياقۇت.
يامراپ كەلدى ھەممە يوللاردىن،
باھارلىكى جىمى بەخت ـ قۇت.

سىرلىق ئالەم، كۈللى مەۋجۇدات،
تۇيغۇ بىلەن ياشىرار، كۆكلەر.
ئۆزىمىزدىن ھالقىپ ئويلىساق،
بىزدىن باشقا كۆپتۇر بۈيۈكلەر.

2009 - يىلى 18 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئۇھ تارتىمەن

ئەگىم ـ ئەگىم قارا قېشىڭ،
كۆزۈڭگە ئەل بولغان قىلىچ.
ئۆرۈم ـ ئۆرۈم سۇمبۇل چېچىڭ،
بۇ زامانىنى قىلماس تىنچ.

باغرىمدىكى دەرد دېگىننى،
كەشتىلەپسەن رومىلىڭغا.
غەم ـ قايغۇنىڭ ئۇن تېگىنى،
ئارتىپ قويغىن بىر جىنىمغا.

بىر رەت ئاتساڭ كىرپىكىڭنى،
كۆز ئالدىمدا ياۋا ئورمان.
كۆك ئاسماندەك تىلىكىڭنى،
ئۆپكۈم كېلەر بولۇپ تۇمان.

دېگىنىز دەۋرەپ كۆزلىرىڭدە،
پەيدا قىلار سۇ تۇۋرۇكى.
ئىشق كۆكلەپ سۆزلىرىڭدە،
قاندىن يانار دەرد پورىكى.

ئەينەك قىلىپ ساڭا ھەۋەس،
چىراي ئاچار سۆزۈك - سۆزۈك.
سېنى سۆيمەي كۆڭلۈم تەس،
ئۇھ تارتىمەن ئۈزۈك - ئۈزۈك.

2009 - يىلى 10 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



## يامغۇردا سۆيۈشۈش

خەيرىيەت، ئەقلگە سغمسا،
چنار تۈۋى بز ئۇچۇن ئوردا.
لەۋدىن لەۋگە چوغ تۆكۈپ ھەيھات!
بر تاتلىق سۆيۈشتۇق يامغۇردا.

بر تاتلىق سۆيۈشتۇق يامغۇردا،
بىز باشقىنى ئويلىمىدۇق ھېچ.
چىرمىلاشتۇق ـ كىرىشىپ كەتتۇق،
بولۇپ گويا غىلاپ ۋە قىلىچ.

بولۇپ گويا غىلاپ ۋە قىلىچ،
چاپتۇق، ئىسسىپ ھىجراننى دارغا.
بۇ دۇنيانى ئۇنتۇغان دەمدە،
سرلىرىمىز ئايدىڭ باھارغا.

سرلىرىمىز ئايدىڭ باھارغا،
قالدۇق شەبنەم قونغان گۈل بولۇپ.
بر تاتلىق سۆيۈشتۇق يامغۇردا،
كۆيدۇق ئاھ، كۆيدۇق ئوتلىنىپ.

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## ئۇيغۇر پىچىقى

تىغىغا ئۇستىكار سالغانمۇ،
ئۈزۈۋېلىپ كۆكتىن ھىلالنى؟
يۇلتۇزلار سېپىغا قونغانمۇ،
قىلىپ ئەزگۈ ئارزۇ ـ خىيالنى؟

چاقماق ئېلىپ بىسىدىن ئۆرنەك،
چاقنار ئۇچۇق باغرىنى يېرىپ.
تاۋلىغاندۇ ئۇنى ئوت يۈرەك،
بەلكى ئىخلاس سۆيگە سىڭىپ.

ئۇنى ئاسقان يىگىتلەر بەردەم،
جەسۇرلۇقنى قىلار نامايان.
تىلەك بالقىپ جىسمىدىن ھەردەم،
ئەل قەلبىنى قىلىدۇ ئايان.

ئۇ خەلقنىڭ ئەقىدىسىدە،
ئار ـ غۇرۇرنى تاۋلىغان ئوچاق.
ئۇ سەنئەتنىڭ خەزىنىسىدە،
يېنىپ تۇرغان نۇردۇر بىر قوچاق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەتۋارلاپ ئۇنى كۆپ زامان،
ئېلىپ كەلدى بۈگۈنگە قەدەر.
كۆلسۇن ئۇندا گۈزەل ئارمانلار،
ئەل قەلبىدە بولۇپ بىر گۆھەر.

2009 – يىلى 4 – دېكابىر، ئۈرۈمچى



## كەل، قارلىغاچ

كەل، قارلىغاچ پېشايۋان سىنىڭ،
ئەنە ئۇۋاڭ، ئەنە قونىدىغىڭ.
سەن ئەزەلدىن دىلكەشىم مېنىڭ،
ماڭا ئوخشاش كۆڭلۈڭدە ئىپىڭ.

بۇ ھويلىغا سىڭگەن ئاۋازىڭ،
چېچەك بولۇپ كۆلسۇن ئەركىلەپ.
كۆكىمىزدە قىلغان پەرۋازىڭ،
كۆڭۈللەرنى قويسۇن پەپىلەپ.

ئۇچۇپ قونسۇن تاللارغا يېشىل،
ھويلىمىزدىن باھار ئويغانسۇن.
كۆيلىرىڭدە ئېرىسۇن بۇ دىل،
سۇ قەلبىدە شاۋقۇن ئويغانسۇن.

ئۇچۇپ - ئۇچۇپ يۈرىكىمگە قون،
كەل، قارلىغاچ قۇچىقىم سىنىڭ.
نەۋ باھارغا تۇيغۇلار تۆكسۇن،
سىنىڭ جېنىڭ ھەم مېنىڭ جېنىم.

2009 - يىلى 12 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سەرۋاز

ئالتۇن دۇتارغا ئايلاندى جىسمىم،
قالدى يۈرىكىم كۈيگە ئۇلىنىپ.
مۇڭلىنىپ ئىتتىغا سۆرىتىپ تەننى،
يۇم - يۇم ياش تۆكتۈم نەيگە يېلىنىپ.

يۇلتۇزلار ئۇركۈپ زېمىنغا ئاقتى،
داپتىن تارىغاچ سېھىرلىك رىتىم.
غېجەك ئۈندىن پۈتەمدۇ خەنجەر؟
قوچۇلدى باغرىم — ئۆلدۇم مىڭ قېتىم.

بۇلبۇلغا خەندان ئۆگەتكەن تەمبۇر،
مېنى تاشلىدى سامانيولىغا.
خۇشتار تەڭلىدى كۈي پەۋەس جامنى،
ھەيھات! ئايلاندىم ئىشق قۇلىغا.

يىغدىم كۆكسۈمگە ئابھاياتنى،
جەننەت يېيىلغان قالۇن تىلىدىن.
كەيپ كەيپكە قانات تاقدى،
بولۇتقا مىندىم ساتار كۈيىدىن.

راۋاب ئەۋجدىن چاچرىغان يالقۇن،
ماڭا تۇتاشتى ـــ ئاتەشتۇر نامىم.
ساپايى بىلەن بولدۇم ئاشكارا،
تېنىمگە ئەمدى تەس كەلدى جانىم.

زېمىننى كۆككە سۆيدۈرگەن ناغرا،
يۈرىكىمگە چىڭقىدى ئاۋاز.
سۇناي ساداسى ئويغاتقان بوران،
روھنى تاۋلىدى بولۇپ بىر سەرۋاز.

2010 ـ يىلى 1 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بورۇننىڭ بورۇنىسدا

قۇشنىڭ ئۇۋىسى قۇياشتا ئىكەن،
يۇلتۇز ئۇلارنىڭ يورىكى ئىكەن،
سامانيولى ئاينىڭ خىيالى،
شامال بۇلۇتنىڭ تىلىكى ئىكەن،
بورۇننىڭ بورۇنىسدا.

يامغۇر ئاسماننىڭ شادلىقى ئىكەن،
ئاپپاق قار باھارنىڭ كۆڭلىكى ئىكەن،
دەرەخ ئۆسەركەن بالا كۆڭلىدەك،
تاغ بولسا غۇرۇرنىڭ ئۆرنىكى ئىكەن،
بورۇننىڭ بورۇنىسدا.

ئادەم ئادەمنىڭ ئارمانى ئىكەن،
ھەممە كۆي مۇھەببەت ھەققىدە ئىكەن،
تىرىكنىڭ، ئۆلگەننىڭ كۆڭۈل سۈرىتى،
نۇر چاچقان قۇياشنىڭ شەكلىدە ئىكەن،
بورۇننىڭ بورۇنىسدا.

2010 - يىلى 3 - يانۋار، ئۈرۈمچى

## ۋەتەن Ⅱ

ئانىلارنىڭ ئاق تىلىكىدە،
دادىلارنىڭ ئوت يۈرىكىدە،
ئەجدادلارنىڭ باش سۆڭىكىدە،
كۆرۈپ قالدىم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

يۇلتۇزلارنىڭ قاراقلىرىدا،
تاغ گۈلىنىڭ ياپراقلىرىدا،
كۆك ئاسمانىنىڭ يىراقلىرىدا،
كۆرۈپ قالدىم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

يەتتە قات يەر - تۇپراق تەكتىدە،
خىلۋەتتىكى تەنھا كەپىدە،
يېنىپ تۇرغان گۈلخان شەكلىدە،
كۆرۈپ قالدىم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

ئۇچقان قۇمنىڭ ھەربىر تېلىدا،
ئوقچۇپ ئاققان سۇنىڭ دىلىدا،
قانات قاققان قۇشنىڭ تىلىدا،
كۆرۈپ قالدىم سېنىڭ ئىسمىڭنى.

2010 - يىلى 6 - يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## گۈلنىڭ ئاشىق پەيتىدە

گۈلنىڭ ئاشىق پەيتىدە چېچەك چوغلىنار،
ئۈزلۈقىغا چىدىماي شامال تولغىنار.

بەرگىسىدىن ئوت ھىدى چېچىلار تاڭدا،
شۇڭا ھەممە مەست بولۇر سېنىڭ كوچاڭدا.

ئۇنىڭ دىلى دىلىڭدەك كۆيۈپ تۇرىدۇ،
ئىچ - ئىچىدىن باھارنى سۆيۈپ تۇرىدۇ.

بىر ئالەمنىڭ سېھرى بار ئۇنىڭ كۆزىدە،
پەرىشتىنىڭ تىلى بار ھەربىر سۆزىدە.

ئۇ قەلبىدە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ،
دەرد بولسىمۇ باغرىدا كۈلۈپ تۇرىدۇ.

گۈلنىڭ ئاشىق پەيتىدە كۆڭۈل سورىغال،
يۈرىكىڭنى يىقىپ تۇرۇپ قېنىپ يۇرىغال.

2010 - يىلى 23 - يانۋار، ئۈرۈمچى

## ئەتلەس

ئوت چىچەكلەيدىغان دەرەخمىدىك،
بىر يىلنىڭ ئۆچ يۈز ئاتمىش كۈنىدە؟
دىلىم ئەسىر بولدى، نىگاھىم غەرق،
كۆكسۈم چاراسلار
گۈر - گۈر كۆيگەن گۈلخان ئۈنىدە.

ئۆتۈپ كەتتى يېنىمدىن بىر قىز،
شامال ئۇرغان ئوتنىڭ شەكلىدە.
كىردى زامانلار رەستىگە،
قىسسە ئوقۇپ ئەتلەس ھەققىدە:

بىر چوپان بۇنىڭدىن تولىمۇ بۇرۇن،
كىچە باغرىغا سىزىپ سەھەرنى،
بىر قىزغا كۆڭلىنى قىلىپتۇ ئىزھار.
قىز ئۇستىگە ئارتىپتۇ ئۇنى،
شۇنىڭدىن باشلاپ ياشناپتۇ باھار ...

ئۇدۇندا ئۇدۇم كۆپ
دەۋر داۋانلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن.
ئەقىدىدىن تۈگۈلگەن تۈگۈچ
خىسلىتىنى قىلار نامايان،
كېلەچەكنىڭ كۆكىدە بالقىپ.

2010 - يىلى 30 - يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## خىلۋەت يەردە

خىلۋەت يەردە كۆك بىلەن زېمىن،
كىيىمنى يېشىپ كۆرۈشەر.
روھ بىلەن تەن ئەسلىگە قايتىپ،
يۈرىكىنى يېقىپ سۆيۈشەر.

خىلۋەت يەردە بولغاچ مۇرۇۋۋەت،
خىزىر كېلىپ يىغدۇ خىسلەت.
ھەربىر گىياھ، ھەربىر نوتىدا،
جاراڭلايدۇ ئالتۇندەك نۇسرەت.

خىلۋەت يەردە كەپتەر يۈرىكى،
ئاق بۇلۇتنى ئۈزۈپ ئوينايدۇ.
نازغىپ تۇرغان گۈلنىڭ پورىكى،
ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلۈپ پۇرايدۇ.

خىلۋەت يەردە ئۆزگىچە ئادەت،
يوقتۇر ئۇنىڭ بۇنىڭدىن پەرقى.
ئوخشاش بولار قارا تاش بىلەن،
تاجىغا قونغان گۆھەرنىڭ نەرخى.

خلۋەت يەردە قىزلارنىڭ كۆڭلى،
ئەسكە سالار ئەرلەر ئەسلىنى.
ھەيكەل قىلىپ تىكلەپ قويىدۇ،
ھەر يۈرەككە ئىشق پەسلىنى.

2010 - يىلى 10 - ماي، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



图书在版编目(CIP)数据

响箭：维吾尔文/瓦依提江·吾斯曼著．— 乌鲁木齐：新疆教育出版社，2010.11

ISBN 978-7-5370-7819-1

Ⅰ.①响… Ⅱ.①瓦… Ⅲ.①诗歌-作品集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 217223 号

**响 箭**

(诗歌集)

瓦依提江·吾斯曼 著

(维吾尔文)

*

新疆教育出版社出版

http://www.xjjycbs.com

新疆新华书店发行

新疆金版印务有限公司印刷

新疆教育出版社排版中心制版

*

开本 880 毫米×1230 毫米 1/32 印张 10.25

2010 年 11 月第 1 版 2010 年 11 月第 1 次印刷

印数：1 — 3 000

ISBN 978 - 7 - 5370 - 7819 - 1

定价：28.00 元

著作权所有·请勿擅自用本书制作各类出版物·违者必究

如发现有印、装质量问题，请与新疆教育出版社联系调换

社址：乌鲁木齐市胜利路 187 号 邮编：830049

电话：(0991)2863761，2870654

رەسسام: ئەسقەر تۇردى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئابدۇراخمان ئابلىز



ISBN 978-7-5370-7819-1

باھاسى : 28.00 يۈەن